«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物

«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

荣获《新疆期刊奖》的刊物

ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن پارتىيە 18- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرايلى!




# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

6

2012

新疆文化


ISSN 1008-6498

11>

9 771008 649003


•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•



## تونۇلغان نەشرىياتچى، تالانتشۇناس، ئىجادىيەتشۇناس
## ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى (1946 - )

ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر «تالانتشۇناسلىق»، «تالانت بوسۇغىسى»، «ئەقىل ۋە پەزىلەت»، «ئادەم ۋە ئىقتىدار»، «كرىزىس ۋە بەرپاچىلىق»، «ئىختىساسلىقلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا»، «ياشاش سەنئىتى» قاتارلىق ئون توم ئىلمىي ئەسىرى ۋە پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىياتقا ئائىت تەرجىمىلىرى نەشر قىلىندى. «ئۆگلۈكنامە» ناملىق سەككىز توملۇق ئەسىرى نەشردىن چىقىش ئالدىدا.

بىز بۇ ئۇستاز ژۇرنالىستنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىش-ئەمگىكىگە تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەيمىز.

**«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(61 ـ يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

2012 ـ يىلى 6 ـ سان (ئومۇمىي 318 ـ سان)

● شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●


## بۇ ساندا


**بەت بوسۇغىسى**

ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك ........................ 2

**ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت**

ئەخلاقنىڭ قىيامى ۋە قىيامىتى ..................................... ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن 4

**تەپەككۇر كۆزى**

تەپەككۇر مېۋىلىرى ........................................................... 17

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

مويەن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ..................................... خالىدە ئىسرائىل 27

بوۋامنىڭ خورىزى................... (ھېكايە) ............... ھەبىبە مۇھەممەد ئەيسا 31

**ئوبزورچىلار مۇنبىرى**

يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىغا ئوچۇق خەت ..................................... سۇلايمان قەييۇم 33

**تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئۆزلۈك**

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى ........................... ۋەلى كېرەم كۆكئالىپ 41

**سەنئەت ئەتىقادى**

ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئېكران ..................................... ئىپارگۈل قۇربان 61

**تەرجىمە كۆزنىكى**

ئۆلۈك دېڭىزدىن ھالقىپ ..................................... نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن (ت) 62

**مۇشتەرىنامە**

سامادىن ساقىدى يۇلتۇز ..................................... يالقۇن روزى 77



بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا كورى: بەگمەت يۈسۈپ

# ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك

خۇ جىنتاۋ مۇنداق دېدى: ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىش ــ خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى، مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە تاقىلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك زور ئىش. بايلىق چەكلىمىسى كۈچىيىۋاتقان، مۇھىت بۇلغىنىشى ئېغىرلىشىۋاتقان، ئېكولوگىيەلىك سىستېمىسى چېكىنىۋاتقان جىددىي ۋەزىيەت ئالدىدا، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان، تەبىئەتكە لايىقلىشىدىغان، تەبىئەتنى قوغدايدىغان ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ۋە پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، جۇڭگونى تىرىشىپ تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

خۇ جىنتاۋ مۇنداق كۆرسەتتى: دۆلەتنىڭ بايلىق تېجەش ۋە مۇھىت ئاسراش ئاساسىي سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئاسراشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېشىل تەرەققىيات، ئايلانما تەرەققىيات ۋە تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، بايلىق تېجەيدىغان، مۇھىت ئاسرايدىغان ماكان ئەندىزىسى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىپ كېتىش يۈزلىنىشىنى مەنبەسىدىن ئوڭشاپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن ئوبدان مۇھىت يارىتىپ، يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش لازىم.

بىرىنچىدىن، تېررىتورىيەلىك بوشلۇقنى ئېچىش ئەندىزىسىنى ياخشىلاش. نوپۇس، بايلىق ۋە مۇھىتنى ئۆزئارا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئېكولوگىيە ئۈنۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە، ئېچىش سىجىللىقىنى تىزگىنلەپ، بوشلۇق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، تەبىئەتكە تېخىمۇ كۆپرەك ئەسلىگە كېلىش ئىمكانىيىتى، يېزا ئىگىلىكىگە تېخىمۇ كۆپرەك مۇنبەت يەر، ئەۋلادلارغا ئاسمىنى سۈزۈك، يېرى يېشىل، سۈيى پاكىز گۈزەل ماكان قالدۇرۇش كېرەك. ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون ئىستراتېگىيەسىنى تېز يولغا قويۇپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان شەھەرلىشىش قۇرۇلمىسى، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات قۇرۇلمىسى ۋە ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم. دېڭىز-ئوكيان بايلىقىنى ئېچىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز-ئوكيان ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، دېڭىز-ئوكيان كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش لازىم.

ئىككىنچىدىن، بايلىق تېجەشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش. بايلىقتىن تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك پايدىلىنىپ، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېنېرگىيە، سۇ ۋە يەر سەرپىياتىنىڭ سىجىللىقىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىستېمالى ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، تۆۋەن كاربونلۇق كەسىپلەر ۋە يېڭى ئېنېرگىيە، ھاسىلىي ئېنېرگىيە تەرەققىياتىغا مەدەتكار بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۇ مەنبەسىنى قوغداش ۋە سۇ ئىشلىتىش ئومۇمىي ئىقتىدارىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۇدىن دەۋرىي پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۇ تېجەر جەمئىيەت قۇرۇش لازىم. تېرىلغۇ يەرنى قوغداشنىڭ قىزىل سىزىق تەلپىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، يەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى باشقۇرۇشنى

چىڭىتىش كېرەك. قېزىلما بايلىقنى چارلاش، قوغداش ۋە مۇۋاپىق ئېچىشنى كۈچەيتىش لازىم. ئايلانما ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت ۋە ئىستېمال جەريانىدىكى مىقدار ئازايتىش، قايتا پايدىلىنىش ۋە بايلىقنى ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ زور قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيە مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، چۆللىشىشنى، شېغىللىشىشنى ۋە سۇ-تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈش. سۇچىلىق قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئاپەتنى يېنىكلىتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان گەۋدىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سۇ، ئاتموسفېرا، تۇپراق قاتارلىقلارنىڭ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈزەشنى كۈچەيتىش لازىم. ئورتاق، لېكىن پەرقلىق مەسئۇل بولۇش پرىنسىپىدا، ئادىل بولۇش پرىنسىپىدا، ھەر تەرەپنىڭ ئىقتىدارىنى كۆزدە تۇتۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا جامائەتچىلىك بىلەن بىرلىكتە يەر شارىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە پائال تاقابىل تۇرۇش لازىم.

تۆتىنچىدىن، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىگە دائىر تۈزۈم قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش. بايلىق سەرپىياتى، مۇھىتقا يەتكۈزگەن زىيان ۋە ئېكولوگىيە ئۈنۈمىنى ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نىشان سىستېمىسى، باھالاش چارىسى ۋە مۇكاپاتلاش-جازالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. تېررىتورىيەلىك بوشلۇقنى ئېچىش-قوغداش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تېرىلغۇ يەرنى قوغداش، سۇ بايلىقنى باشقۇرۇش ۋە مۇھىتنى ئاسراشنىڭ ئەڭ قاتتىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. بايلىق تېپىدىكى مەھسۇلاتنىڭ باھا ۋە باج-ھەق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بايلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىش ۋە ئېكولوگىيەنى تولۇقلاشنىڭ بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن تەلەپنى ۋە بايلىقنىڭ قىسلىق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئېكولوگىيە قىممىتىنى ۋە دەۋر ئارا تولۇقلىمىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. مۇھىتنى نازارەت قىلىش — باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيە-مۇھىت ئاسراش مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە مۇھىتقا يەتكۈزگەن زىيانغا تۆلەم بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى توغرىسىدىكى تەشۋىقات-تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ تېجەش ئېڭى، مۇھىت ئاسراش ئېڭى ۋە ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يارىتىپ، ئېكولوگىيە-مۇھىتنى ئاسرايدىغان ئوبدان ئىستىلنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك.

خۇ جىنتاۋ مۇنداق دېدى: بىز چوقۇم تەبىئەتنى تېخىمۇ ئاڭلىق ئەتىۋارلاپ، ئېكولوگىيەنى تېخىمۇ ئاكتىپ قوغداپ، سوتسىيالىستىك ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكىنىڭ يېڭى دەۋرىگە تىرىشىپ قەدەم تاشلىشىمىز لازىم.

(شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 2012-يىلى 10-نويابىردىكى سانىدىن ئېلىندى)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن تۈپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100-نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991

## ئابدۇۋاھىد مەتنىياز ئەمىن

# ئەخلاقنىڭ قىيامى ۋە قىيامىتى



«مەن تۇغما تەبىئەتلەردىكى ساددىلىق ۋە پاكلىقنى قوغدىغانلار دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتىمەن»[1].
— نىتچىشې (گېرمانىيە)

«ئەجەب بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دېگەن،
ھەر تەندە ئۇ ھەر خىل ھېس قىلار ئىكەن.
ئەگەر ئۇ ئىچىمسە ۋىجدان شارابىن،
ئىلغىدا ئىسقىلىق سېسىق گۆش ئىكەن.»[2]

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت

### 1. سانلار يىغلايدۇ

قولۇمدا ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 1 - سانى، ھاجى ماخمۇدىينىڭ «ئەيدىز كېسىلى شىنجاڭدا قورقۇنچلۇق ھالدا يامرىماقتا» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنىڭ قۇرلىرى كۆز ئالدىمدىن تېز - تېز ئۆتمەكتە. ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە ئەيدىز كېسىلىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىش ئەھۋالى ھەققەتەن ئېغىر بولۇپ، 2005 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 11 مىڭ 303 كىشى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان، ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە 1 - بولغان. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان ھامىلدار ئاياللار 272 گە يەتكەن، 147 بوۋاقنىڭ يۇقۇملانغانلىقى بايقالغان.

مەن بۇ خەۋەرنى كۆرۈپ، نۆۋەتتىكى بەزى ماددىي تەرەققىياتتىن پەيدا بولغان خۇشلۇقۇمنىڭ ئورنىنى ئۈمىدسىزلىك، تەشۋىش ئىگىلىدى. پەرزەنتلىرىنىڭ بىكۆيۈملۈكىدىن يوقسۇل، ھىمايىسىز ھالەتتە بىچارە قېلىپ، خۇدادىن ئۆلۈم تىلەپ يىغلايدىغان مويسىپىتلارمۇ ئېغىر كېسەلگە قالسا ياراتقۇچىدىن كېسىلگە شىپالىق بېرىشىنى تىلەيدۇ. ھاياتقا ئىنتىلىش ئادەملەردىكى ئورتاق ئارزۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا قېرىش، شەخسنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ياكى مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، ئىلگىرى ئۆزىگە شۇنداق ئۆلۈم كېلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتەلمىگەن تاسادىپىي ھادىسىلەردىكى ئۆلۈمگە قارىغاندا، 10 مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى باشقۇرالماي چېكىملىك ۋە جىنسىي ھالاۋەت ھۇزۇرىدىن ئىزدەپ تاپقان بۇنداق

www.uyghurkitap.com

بىھۇدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، قېرىن-
داشلىرى ئۈچۈنمۇ ئېغىر ھەسرەت. تېخىمۇ مۇھىمى
كىمدىن، قانداق جىنستا، ساغلام ياكى مېيىپ تۇغۇلۇشىنى
ئۆزلىرى بەلگىلىيەلمەيدىغان ئاشۇ 147 بوۋاقنىڭ بىئەجەل
ئۆلۈپ كېتىشىنى ئويلىسا، ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ.
چۈنكى پەرزەنت مېھرى دېگەن ئاجايىپ يارقىن بولىدۇ.
جۇڭگودەك ئاھالىسى كۆپ بىر دۆلەتكە نىسبەتەن، بۇ نا-
ھايىتى ئازلا بىر سان، بىراق مۇبادا ئاشۇ باللارنىڭ
ساغلام تەربىيەلىنىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كەلگۈسىدىكى
زۆرۈر تۆھپىكارلار قاتارىدا سانىساق، 147 مەمۇر، 147
تەتقىقاتچى، 147 يازغۇچى، 147 ئارتىس بۇ چاغدا بۇ
ساننىڭ زور ھالدا كۆرسىتىدىغانلىقنى چۈشىنىش تەس
ئەمەس. بىز بۇنداق بىر غايىبانە ئارزۇنى نەزەردىن
ساقىت قىلىپ، ئۇلارنى ئادەتتىكى بىر ئادەم قاتارىدا قارى-
ساقمۇ، ھېچكىمنىڭ ۋىجدانى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۇزۇن-
لۇقىنى تەستىقلىمايدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز نېمە ئۈچۈن ئىقتىساد، سانائەتلى-
شىش، پەن-تېخنىكا ئىجادىيىتى، مائارىپ سۈپىتى... دې-
گەندەك ئىجابىي ئىلگىرىلەشلەردە دۆلەت بويىچە 1-قاتار-
غا، ھېچبولمىغاندا ئوتتۇراھال قاتارغا كىرەلمەي، مۇشۇ
تۈردە سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قالدۇ؟

نېملا دېيىلسۇن نامۇۋاپىق جىنسىي مۇناسىۋەت
يەنىلا بۇ ۋابانىڭ ئاساسلىق تارقىلىش شەكلى. مۇشۇ سان
ئەخلاقىمىزدىكى بوشلۇقنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن بۇ-
نىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئىلى ئوبلاستلىق سەھىيە كې-
سەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن تۇرغۇن
تۇرسۇن بىلەن پەرھات ماخمۇت ئىككەيلەننىڭ «شىنجاڭ
ئالدىنى ئېلىش تېببىي ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2004-يىللىق
1-سانىدىكى بىر ماقالىسىنى كۆرگەنىدىم. ئۇلار ماقالىسى-
دە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، «جىنسىي كېسەللەر مەدەنىيەت
سەۋىيەسى تۆۋەن، توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايدى-
غان، تۇراقلىق ماكانى بولمىغان كىشىلەر (مۇلازىمەتچىلەر،
تىجارەتچىلەر، شوپۇرلار)دە كۆپ كۆرۈلەتتى. لېكىن
ھازىر مەلۇم كەسپىي ساپا، مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە
ئىگە كىشىلەر ئارىسىدىمۇ بەلگىلىك نىسبەتتە كۆرۈلمەكتە.
بولۇپمۇ توي قىلغانلارنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى يۇقىرى
بولماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى ئىقتىسادنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگە-
شىپ، بىر قىسىم ئىدىيەسى تۇراقسىز كىشىلەر ئىجتىمائىي
مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەخلاق جەھەتتە بۇزۇلۇپ،
ھېسسىيات جەھەتتە قالايمىقانلىشىپ، ئۆز جورىسىنىڭ مۇ-
ھەببىتىگە ئاسىيلىق قىلىپ، قالايمىقان ئەر-ئاياللىق، ئاش-
نىدارچىلىق قاتارلىق يوللار بىلەن يۇقۇملانماقتا» دەپ
كۆرسەتكەنىدى. ئاپتورلار تېببىي نۇقتىدىن تەھلىل ئېلىپ
بارغاچقا، ئۇلاردىن بۇنىڭدىن ئارتۇق جاۋابنى كۈتمەيمىز،
ئەمەلىيەتتە «ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ»
دېگەن خۇلاسىدىن چوڭ مەسىلەرنى بايقايمىز.

كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، تەپەككۇرۇم بۇ ساننىڭ ئارقىسى-
دىكى سەۋەب نەتىجىلىك باغلىنىشلارنى چۈشىنىشكە كېتىپ
باراتتى. بىر تامچە سۇيۇقلۇقتىن ئادەم ئاپىرىدە بولدى.
مۆجىزە يۈز بېرىپ ئۇ ھاياتلىققا ئېرىشتى. قانۇنلارنىڭ
چەكلىشى، ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت بېقىشتىن ئۆزنى
چەتكە ئېلىشى سەۋەبلىك، نۇرغۇن بوۋاقلار تۇغۇلۇش
ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەي، بۇ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچالمايدۇ.
تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ياشاش شارائىتىنى ئالساق، ھازىر
تىنچلىق دەۋرى. زامانىمىزدا ئۆتمۈشتىكىدەك زور ساندى-
كى ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئۇرۇشلار يوق دېيەرلىك.
تېببىي تەرەققىيات، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ
كۆڭۈل بۆلۈشى سەۋەبىدىن، ھەر خىل شەكىللەردە تارقى-
لىدىغان ۋابالارنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. پەرزەنتلەرنى ئاچار-
چىلىق بىلەن كېسەلگە مۇپتىلا قىلىپ قويىدىغان ئەھۋاللار-
مۇ كەمدىن-كەم ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇڭا دەيمىزكى چۇ-
شەنگەن ئادەمگە ئادەم زاتى بولۇپ ئالەمگە ساغلام تۇغۇ-
لۇش بەك چوڭ تەلەي. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا تەقدىرنىڭ ئۇ-
نىڭغا بەرگەن چوڭ ئىنئامى. بۇنى ئويلىساق ھەر بىر كى-
شىنىڭ ئۆز ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىنىڭ، ئۇنىڭ قەد-
رىگە يېتىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىمىز.
ئەمما چوڭ بولۇپ ھاياتنىڭ ئېغىر يۈكلىرى زىممىسىگە
يۈكلەنگەندە،، ئادەملەر خۇدىنى يوقىتىپ قانائەتسىزلىك،
ئىنسابسىزلىقنى ئۆزىگە دوست تۇتىدۇ. ئىچىملىك، چېكىم-
لىك، «ھارام» جىنسىي مۇناسىۋەتكە قۇل بولىدۇ. ئەيدىز
مانا مۇشۇنداق قۇللۇقنىڭ، قانائەتسىزلىك، ئىنسابسىزلىق-
نىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرۈلگەن بالا-قازاسى بولسا كېرەك.
جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىنى ساغلام دەپ قاراۋاتقان زامان-
داشلىرىمىزنىڭ روھىي بىمارلىقى يۈرەكنى ئېچىشتۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئىشتۇر. سەۋەبى ئۇلار ئۆزىنى ئەرزىمەس نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇۋاتقان، ئەمما ئۆزىنىڭ بىمارلىقىنى بىلمىگەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاشۇ شەرمەندە قىلمىشىدىن تاپقان مەڭگۈلۈك جاراھىتىنى ساپ، مەسۇم، پەرىشتە باللىرىغا «مىراس» قالدۇرغان...

## 2. ئەخلاق دېگەن نىمە

ئەخلاق بىر خىل قىممەت قاراشتۇر. ئۇ كىشىلەر ئارا پايدا- مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە، باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك، ياردەم بېرىشتىكى ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇملاشتۇرغاندا بارلىق ئەخلاقىي قىممەت قاراش ھۆرمەتلەش ۋە مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزمۇنغا يىغىنچاقلىنىدۇ. ھۆرمەتلەش مەلۇم شەخس ياكى ئىشلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتىن بىشارەت بېرىدىغان قىممەت قاراشتۇر. ھۆرمەتلەش بىر پۈتۈن، مۇرەككەپ ھاياتلىق تورىدا ئادەم ۋە باشقا بارلىق جانلىقلارغا رەھىمسىز مۇئامىلە قىلىشنى چەكلەش ۋە ھەرقانداق ھەرىكىتىمىزدە ھاياتلىق مەۋجۇت بولغانىكى، تەبىئەت مۇھىتىنى ئالدىن نەزەرگە ئېلىشىمىزنى، ھاياتلىق ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغدىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھۆرمەتلەش ئۆزىنى ھۆرمەتلەش، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ۋە باشقا شەكىلدىكى ھۆرمەتلەش قاتارلىق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزىنى ھۆرمەتلەش ئۆزىمىزنىڭ ھاياتى ۋە تېنىمىزنىڭ ئىچكى قىممىتىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەكلىكى بولۇپ، زەھەر ئىستېمال قىلىش، ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش قاتارلىق ئۆز ھاياتىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزگە دەخلى قىلىدىغان قىلمىشلىرىمىز بۇنىڭغا خىلاپ ئىش ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارنى ھۆرمەتلەش باشقا بارلىق كىشىلەر (بىز ياخشى كۆرمەيدىغان، تونۇمايدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نى ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇلارغا ئۆزىمىز بىلەن باراۋەر قارىشىمىز كېرەك دېگەنلىك بولۇپ، بۇ «ھۆرمەتلەشنىڭ ئالتۇن قانۇنى»دۇر: باشقا شەكىللەردىكى ھۆرمەتلەش شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ مال- مۈلۈك ھوقۇقىنى ھۆرمەتلەش، شەخسلەرنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ئابرۇيىنى ھۆرمەتلەش قاتارلىق ئىككى تەرەپكە كېڭەيتىلگەن، كۆندىلىك ئەدەپ- قائىدىلەرمۇ يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك توپ ھۆرمەتلەشتىن كەلگەن.

مەسئۇلىيەت ھۆرمەتلەش ئۇقۇمىنىڭ كېڭەيتىلىشى بولۇپ، مەسئۇلىيەت دېگەنلىك باشقىلارغا يۈزلىنىش، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش باشقىلارنىڭ تەلىپىگە قارىتا ئىنكاس قايتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بىز باشقىلارغا ھۆرمەت قىلساق، چوقۇم ئۇلارغا ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇلارغا ئېتىبار بەرسەك، ئۇلارنىڭ پايدا- مەنپەئەتى ئۈچۈن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولۇشىمىز كېرەك. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ئادەم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ پايدا- مەنپەئەتىگە ئادىل، ھەققانىي رەۋىشتە كۆڭۈل بۆلىدۇ: پاكىت ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرىدۇ؛ ھەرىكەتنىڭ ئۆلچەم- مىزانلىرىنى چوڭقۇر ئويلىنىپ ۋە ئۇنىڭ ئۇنۇملۇك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئاندىن قوبۇل قىلىدۇ؛ ئۇ «ئەقلىنىڭ ئاۋازى»نى ئاڭلايدۇ. بۇ بۇرۇن مۇئەييەنلەشتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئاخىرىدا ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىش نەتىجىلىرى بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى خالايدۇ.

ھۆرمەتلەش ۋە ئادەتتىكى مەسئۇلىيەت ئەخلاقى جەمئىيەتكە كېرەكلىك بولغان تۈرلۈك ئېھتىياجلار بېسىمىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ دائىمىي ئەخلاقىي قائىدىلەرنى تۈزىدۇ. غايە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ئەخلاقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. بۇ خىل ئەخلاق جەمئىيەت ئېھتىياجلىرى بېسىمىدىن ئەمەس، بەلكى قەھرىمان شەخسلەرنىڭ غايىسى ۋە ئىجادىيىتىدىن كەلگەن. ئۇ كىشىلەر بويسۇنىدىغان بىر مۇنچە چەكلەش بۇيرۇقلىرىنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، ئەكسىچە ساداقەت، پىداكارلىق، ئۆزىنى قۇربان قىلىش، سىر ساقلاشقا تاقەت قىلىش، مېھىر- مۇھەببەت قاتارلىقلار ئارقىلىق كىشىلەرگە كۈچلۈك تەسىر قىلىش، دەۋەت قىلىشتۇر. ئۇ شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ تار مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ھالقىپ، ئۆزىنى پۈتكۈل ئىنسانلارغا تاپشۇرۇش، ھەتتا ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى، پۈتكۈل تەبىئەتنى باغرىغا بېسىشتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، غايە ئەخلاقىنى دائىمىي رەۋىشتىكى ھۆرمەتلەش ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى «ئىجتىمائىي بېسىم ئەخلاقى»دىن مۇستەسنا ھالەتتە مۇستەقىل بىر ئەخلاق مەزمۇنى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئالىي ئىنسانلىق ئەخلاقىدۇر.

بىزنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىمىزدە يەنە «ۋىجدان» ۋە
«ئىنساپ» ئۇقۇملىرى بار. ئەمەلىيەتتە ۋىجدانمۇ ئەخلاق-
پەزىلەت دېگەن گەپ. ئۇ بىر خىل ئەخلاقىي سەگەكلىك.
ۋىجدان سىياسىي ئېتىقاد، دىنىي ئېتىقاد، ئەخلاق غايىسى
تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئەڭ ئالىي ھەرىكەت ئۆلچىمى. بۇ
سۆزنىڭ مەنىسى بويىچە، ئەخلاقسىزلىقمۇ چوڭ ۋىجدان-
سىزلىق سانىلىدۇ. كونكرېت شەرھلىگەندە، ئۆزى سادا-
قەت بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك كىشىلەرگە ساختىپەزلىك، ئال-
دامچىلىق، خائىنلىق قىلىش، بىراۋنىڭ زىيانكەشلىككە
ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېسداشلىق قىلماسلىق
ۋە ئادالەتسىزلىك، لۈكچەكلىك، كۆكەرمىلىك قىلىۋاتقانلار-
غا «سىڭگەن نېنىنى يەپ» ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈر-
مەسلىك قاتارلىقلار ۋىجدانسىزلىق ھېسابلىنىدۇ.
«ئىنساپ» تىپىك ئىسلامىي ئاتالغۇ بولۇپ، بەزى تىللاردا
ئۇنىڭ خاس ئاتالمىسىنى تېپىش تەس بولۇشى مۇمكىن. ئۇ
ئىشنى ئادالەت ۋە ۋىجدان بىلەن قىلىش تۇيغۇسى، توغرى-
لىق، ئادىللىق، ھالاللىق رەھىمدىللىكتۇر. ئىنساپ ئۇقۇمى
ئېلىم-بېرىمدىكى ھالاللىق، ئادىللىق، كەڭ قورساقلىقتا
بەكرەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بىرى بىزگە پۇل ياكى
مەلۇم بىر نەرسىنى بېرىشى كېرەك بولسا، ئۇنىڭ ئېنىق
قىممىتى ئالدىن بەلگىلەنمىگەن ئەھۋالدا، تۆۋەن ياكى ئوت-
تۇراھال ئۆلچەم بويىچە ئالساق، ئىنساپ قىلغان بولىمىز.
ئەكسىچە يۇقىرى ئۆلچەم قويۇۋېلىپ، قارشى تەرەپنى
تەڭقىسلىقتا قويساق ياكى ئۇنى بىلمەدى، دەپ كۆپ پۇل-
مال ئۇندۇرۇۋالساق، بۇ چوڭ ئىنسابسىزلىقتۇر. تۆپ ما-
ھىيىتىدىن ئالغاندا، ۋىجدان ۋە ئىنسابمۇ ئۆزى ۋە باشقى-
لارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن قاراشنىڭ
ئالىي ھەرىكەت مىزانىدۇر.

سۆزنى يىغقاندا ھۆرمەتلەش — «زىيان سېلىشقا بول-
ماسلىق»نى، مەسئۇلىيەت — «ياردەم بېرىش كېرەك»لە-
كىنى بايان قىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھۆرمەتلەش نېمىنى
قىلماسلىق، بۇرچ نېمىنى قىلىش مەسىلىسىدۇر. ھۆرمەت-
لەش بىلەن مەسئۇلىيەت ئەخلاقى ئەخلاقنىڭ نېمىلىكىنى
تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ياخشىلىق، ھەققانىيەت، ئادا-
لەت، سەمىمىيەت قاتارلىقلار ھۆرمەتلەش ۋە مەسئۇل بو-
لۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەخلاقنىڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچلە-
رى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن، رەھىمدىللىك-مېھىر-شەپقەت،
ئادىل، ھەققانىيلىق، سەۋرچانلىق، مەدەنىيلىك، دوستلۇق،
كەمتەر، كىچىك پېئىللىق، ھېسداشلىق، مەردانە ۋە سېخىي-
لىق، غەرەز ئۇقۇش، يوللۇق ئىش قىلىش، ئىنساپ-
ۋىجدان، سەمىمىي-راستچىللىق، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ
قويۇش، ئۆزىنى تىزگىنلەش، ھەمكارلىشىش، تىرىشچانلىق،
ئۆزىگە تايىنىش، جاسارەت، باتۇرلۇق، ئادىللىق، ئۆتكۈر-
چېچەنلىك، ئەدەپ-سادىق، پىداكارلىق، ئەتراپلىق ئويلى-
نىش، ئىشەنچ، ئۆزىنى تۈتۈۋېلىش، كەڭ قورساقلىق قا-
تارلىقلار ھەممە ئەلدە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئالىي بەلگىسى
دەپ تونۇلىدۇ.

ئەخلاقسىزلىق ھۆرمەتلەش ۋە مەسئۇل بولۇش ئۇ-
قۇملىرىغا قارشى رەۋىشتىكى چۈشەنچە، ئۇ ئۆزى ۋە باش-
قىلارغا دەخلى قىلىش، ئۆزى بىلەن تاشقى دۇنيا مۇناس-
ۋەتلىرىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلماسلىقتىن ئىبارەت ناچار
نىيەت ۋە ھەرىكەت ئىپادىسى بولۇپ، يامانلىق، شەخس-
يەتچىلىك، ئادالەتسىزلىك، ساختىلىق، زوراۋانلىق، ۋىجدان-
سىزلىق، تۆھمەتخورلۇق، ئىناقسىزلىق، بەتنىيەتلىك، ھە-
سەتخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك، پاھىشۋازلىق... قاتارلىقلار
ئۇنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى پەللىسىدىكى بېشارەتلىرىدۇر.

جەمئىيەت مەلۇم ماكاندا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھا-
ياتلىق تورىنىڭ جانلىق بىرىكمىسى. شۇ جەمئىيەت كىشىلە-
رى قەلبىدە ئۆزلىرى ئىنتىلىدىغان ۋە ئۆزىنى قاچۇرىدى-
غان ھەرىكەت ۋە پوزىتسىيەلەر بولىدۇ. بۇلار تەدرىجىي
توپلىنىپ، ھەر بىر شەخسكە يۈكلىنىدۇ. بۇ «يۈكلىمە»لەر
شۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەخلاق غايىسىنى تۈزىدۇ. بىر
جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق تەلەپلىرى قانداقتۇ نوقۇل كىتابلار-
دىن كەلگەن ئەمەس، ھەرقانداق ئەخلاقىي ھۆكۈم ئالدى
بىلەن يېتەرلىك سەۋەبنى نېگىز قىلىشى، ئاندىن ھەرقانداق
ئەخلاق تەلىپى ھەر بىر شەخسنىڭ پايدا-مەنپەئەتىنى
ئادىل، ھەققانىيلىق بىلەن نەزەرگە ئېلىشى كېرەك، مۇشۇ
شەرتكە ئۇيغۇن بولغان ھەرقانداق ئەخلاق تەلىپىنى ھەر
قانداق ئادەم ئوتتۇرىغا قويسا بولۇۋېرىدۇ.

ئوخشىمىغان جەمئىيەتلەردىكى ئەخلاق تەلەپلىرى
پەرقلىق بولىدىغانلىقى ئېنىق. بىراق، ھەر بىر خىل مۇھىم
ئەخلاق نەزەرىيەسى ئادىللىق ئىدىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئې-
لىشى كېرەك. ئۇنىڭ تۆپ مەنىسى شۇكى، ھەر بىر
شەخسنىڭ پايدا-مەنپەئەتى تەڭ دەرىجىدە مۇھىم ئەخلا-

قىي كۆز قاراشتىن ئالغاندا، ئالاھىدە ھوقۇقلۇق شەخس بولمايدۇ. شۇڭا ھەر بىرىمىز باشقىلارنىڭ پاراۋانلىقىنى ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادىللىق، ھەققانىيلىق تەلىپى ئالاھىدە توپ ئەزالىرىنىڭ مەلۇم نۇقتىدا ئەخلاقنىڭ تۆۋەن دەرىجىدە قارىلىشىنى — كەمسىتىشلىرىنى چەتكە قاقىدۇ.

چۈشىنىش كېرەككى، ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ ئەخلاق كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولسا، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق جەمئىيەت ئىقتىسادىي ئۇنۇمۇ ئەڭ يۇقىرى بولغان جەمئىيەتتۇر. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، قانۇن — راھەت-پاراغەتنىڭ بەدىلى يۇقىرى بولغان زىننەت بۇيۇمىدۇر. ئەخلاق — كىشىلەرنى يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان بىر خىل ئاكتىپ كۈچ. ئۇ كىشىلەرنى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگۈزىدۇ. بىراق قانۇن بولسا باشقىلارنىڭ پايدا-مەنپەئەتىگە دەخلى قىلىش قىلمىشىغا قارىتا پاسسىپ جازالايدۇ. ئېنىقكى، ئەخلاق قانۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم. ئەڭ روشەن سەۋەب شۇكى، ئەخلاق — ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەخلاقنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەلىپى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك. ئۇنىڭ يۇقىرى ئۆلچىمى شۇكى، ئۇ كىشىلەردىن شەخسىيەتچى بولماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، بىراق قانۇن پەقەت ئادەمگە زىيان سالماسلىقنىلا تەلەپ قىلىدۇ.

باشقىلارغىمۇ، ئۆزىڭگىمۇ پايدىلىق پائالىيەت جەمئىيەتكە ئەڭ پايدىلىق بولىدۇ. ئەخلاق ھەمىشە ئەقىل-پاراسەتنىڭ كەملىكىنى تولدۇرىدۇ، بىراق ئەقىل-پاراسەت ئەخلاقنىڭ يېتەرسىزلىكىنى مەڭگۈ تولدۇرالمايدۇ.

بىر ئادەم ماددىي مەنپەئەتلەرگە چۆكۈپ كەتسە چاكىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشى ياكى يەنىلا ئالىيجاناب ئادەم بولۇۋېرىشى مۇمكىن. ئاساسلىق پەرق ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى، باشقىلارنىڭ ماددىي بەھرىمەنلىكىنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان-قىلمىغانلىقىدىدۇر. يەنە بىرى، مەنىۋى بەھرىلىنىشنى چۈشەنگەن-چۈشەنمىگەنلىكى، دوستلۇقتا، سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىشتا، بىلىم ئۆگىنىشكە، ساغلاملىققا ئىنتىلگەن-ئىنتىلمىگەنلىكىدىدۇر.

يامانلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئادالەتسىزلىك، ساختىلىق-يالغانچىلىق، زوراۋانلىق، ۋىجدانسىزلىق، تۆھمەتخورلۇق، ئىناقسىزلىق، بەتنىيەتلىك، ھەسەتخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك، پاھىشىۋازلىق قاتارلىقلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى بىر جەمئىيەتكە چۈشكەن مىتىدۇر. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئېڭى سۇسلاشقان جەمئىيەتتە، سىياسىيدىكى ئەخلاقسىزلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك سانىلىپ، ئاجىزلارغا ھالاكەت يوللايدۇ. دائىمىي تۇرمۇشتىكى ئەخلاقسىزلىقلار نورمال ئىش بوپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئادەم ئەخلاقلىق ياشاشنى ئەخمىقانىلىك دەپ قارايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە ئاز ساندىكى كىشىلەر خاتىرجەمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ئىززەت-غۇرۇرى، مال-مۈلكى، جىسمانىي ساغلاملىقى، ھەتتا ئەزىز ھاياتى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. تۇرمۇشى دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۆتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچ سۇسلىشىپ كېتىدۇ. بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان ئەزالار ياخشى كىشىلىك پەزىلەتكە ئىگە بولمىسا، ئۇنداق كىشىلەر بۇ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. بىز ھەممە ئادەمنىڭ تەڭلا ئەخلاقلىق بولۇپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز، ئەمما ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە ئەخلاقسىزلىق چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلە دەپ قارىلىشى، ئۇنىڭ تۈز سىزىق بويىچە تەتۈر تەرەققىي قىلىشىغا چەك قويۇلۇشى كېرەك. ئەخلاق-پەزىلەت كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى ئەمەس، قەلب ئىنتىلىشى بولۇشى كېرەك، شۇڭا ئەخلاق بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا قانۇندىنمۇ مۇھىم.

### 3. بىزدىكى ئەخلاق: تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن

تارىخنامىلەردىن ئايانكى، يۇرتىمىز كىشىلىرى ياخشى نىيەت، گۈزەل خۇلق، ئېسىل ئەخلاقنى ئەلا بىلگەن. شۇڭا غەربلىكلەر نەزەرىدە يىپەك ئېلى «تۇغرى، قاتىللار بولمىغان ئەل» ھېسابلانغان. جۇڭگو بۇددىستلىرى غەربىي يۇرتنى «ساماۋى يۇرت، پاكلىق ماكانى» دەپ قاراشقان. بىز مۇشۇ بايانلار ئاساسىدا، يىراق ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بىر غايىۋى ئەخلاق جەمئىيىتى دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق بولىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەل فارابى (870 — 950) «كىشىلىرى يېمەك-ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلا-

مىغان، پۇل تېپىش خاھىشىغا غەرق بولغان، ساختىپەز، كەيپ-ساپاغا بېرىلگەن، چۈشكۈنلەشكەن، خۇشامەتچى ۋە شۆھرەتپەرەس، خۇراپاتچى، ئىنسان پەزىلەتلىرىدىن ئايىنىپ كەتكەن شەھەرلەر جاھالەتلىك شەھەردۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. چۈنكى بۇنداق شەھەرنىڭ خەلقى ھەقىقىي بەختنى بىلمەيتتى، باشلىقلىرى ھەقىقىي بەخت ئۈچۈن خىزمەت قىلمايتتى، ئۇلارنىڭ غايە-مەقسەتلىرى جىسمانىي قاۋۇللۇق، شۆھرەت، كەيپ-ساپا، ئۆز ئىشتىياقلىرىدىن خالىغانچە يۈز ئۆرۈش بولۇپ، بۇنى بەخت دەپ بىلەتتى.

بۇنىڭدىن ئون نەچچە ئەسىر بۇرۇن ياشىغان بىر مۇتەپەككۇرنىڭ قاراشلىرىنى بۈگۈنكى جەمئىيەتنى كۆزىتىشنىڭ تەپەككۇر روجىكى قىلىشنى نۇرغۇن دەۋرداشلىرىمىز باب كۆرۈپ كەتمەيدۇ. بىزنىڭمۇ دەۋرىمىزنى «جاھالەت» سۆزى بىلەن سۈپەتلەشكە تىلىمىز بارمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بىزدە نۇرغۇن تەرەققىياتلار بولدى. خۇشاللىنارلىق ئەھۋاللار ھەقىقەتەن كۆپ، ئەمما ئەل فارابىنىڭ قاراشلىرىدىن يەنىلا ئاجايىپ يىراقنى كۆرەرلىك چىقىپ تۇرىدۇ. مانا ئەقىدىنىڭ ئاجىزلىشىشى، جىنسىيەتنىڭ ئېچىلىشى، ئادەمگەرچىلىكنىڭ سۇسلىشىشى... قاتارلىق مەسىلىلەر بىز دائىم دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان، ئەمما تەسىرىنى تازا ئېنىق مۆلچەرلىيەلمەيۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەردۇر. يېقىنقى 30 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ماددىي تەرەققىيات تېز بولدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ خاراكتېرىمىز ماس ھالدا ئېسىللاشتىمۇ؟ ياق! بىز زامانىمىزدا ئىستېمالىمىزنىڭ تۆمەنلىگەن پاكىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. مەدەنىيەت سورۇنلىرى ھەرقانداق ئەخلاقسىز قىلمىشلارغا كەڭ ئېچىۋېتىلدى، كىشىلەر قانۇنىمۇ كار قىلىشمىدى.

بىزدە جىنسىيەتنىڭ ئېچىلىش سۈرئىتى تېخىمۇ تېز بولدى. كىشىلىرىمىز بۇنىڭغا دائىر مەسىلىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ، «ئېچىۋېتىشنىڭ تەلىپى» دېدى. شۇنداق قىلىپ، شەھەرلەردىكى ھەرقانداق مېھمانسارايلاردا «ئۈچكە ھەمراھ خېنىم»لار ئاشكارا مۇلازىمەت قىلدى. كوچىلاردىكى پارچە «قىزىل مېلەگزە»لەر يەنىلا نورمال تىجارەت قىلىۋەردى. جىنسىيەت دورىلىرى رادىيو-تېلېۋىزىيە، گېزىت-ژۇرنال، ھەتتا ئىستولبا ۋە تاملارنى قاپلاپ كەتتى. بىز بۈگۈنگىچە بىرەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ جىنسىيەت دورىلىرىنى كۆچەپ ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدۇق.

ئاياللار ئۆزلىرىگە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇق بېرىلىشىنى كۈتىدۇ. لېكىن مۇشۇنداق غەشلىكلەردىن ئۆزلىرىنىڭ تېخىچە جىنسىي قورال بولۇۋاتقانلىقىنى، تېخىمۇ ئېنىقىنى ئېيتساق، ئىززەت-ھۆرمىتىنىڭ يەكسان بولغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. بىزدە جىنسىي ئەركىنلىك ھەقىقەتەن تېز كېڭىيىۋاتىدۇ. باللارنىڭ مۇھەببەتلىشىش يېشى كۈندىن-كۈنگە تۆۋەنلەۋاتىدۇ. خوتۇن-قىزلىرىمىزنىڭ كەچلىك سىرتقى پائالىيەتلىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ ماھىيەتتە قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى «ئەخلاقىي پەردە»گە مۇناسىۋەتلىك ئاشكارىلىقتۇر، مەن ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ دىيانىتىدىن گۇمانلىنىمەن.

ھاراق ۋە تاماكىنىڭ شەخسنىڭ ئىقتىسادىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى ھېسابلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز، تاسادىپىي ھادىسىلەر، يېقىن مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇشى، ئائىلە مۇقىمسىزلىقى، جىنايەت ۋە زوراۋانلىق، نامراتلىق، قاتناش ھادىسىسى، ئىشتىن قېلىش، سوزۇلما كېسەللەر قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ھاراق ئىچىش ۋە زەھەر چېكىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھاراقنى ئۇزاق مۇددەت كۆپ ئىچسە، ئەستە ساقلاش، يەكۈن چىقىرىش، ماسلىشىش، ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ھەرىكەت (سۆزلەش، قول ئىشلىتىش) ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. تېخىمۇ ئاشسا روھىي خىرەلىك، ئۇيقۇخۇمارلىق، ھوشسىزلىق ۋە ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلەر (زابويلار) ئاسانلا جىگەر قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. نېرۋا ھۈجەيرىلىرى ۋە باشقا بەدەن قىسىملىرىدىكى بۇزغۇنچىلىق كۆپ بولىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا ئېغىز راكى، يۇتقۇنچاق راكى، يۈرەك، ئاشقازان، ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە تېخىمۇ ئاسان گىرىپتار بولىدۇ. ئەگەر بىرلا ۋاقىتتا ھەم ھاراق ئىچسە ھەم تاماكا چەكسە، بۇ نىسبەت 15 ھەسسىگە يېتىدۇ. زابويلار ئەڭ ئوڭاي ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسىلىگە، يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالىدۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى نورمال كىشىلەرنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە يېتىدۇ.

ياشلار-ئۆسمۈرلەر ھاراق ئىچسە بۇ خىل تەسىر تېخىمۇ تېز بولىدۇ. ھامىلدار ئاياللار ھاراق ئىچسە، ھامىلە نورمال يېتىلەلمەيدۇ. ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغانلار ئومۇمەن ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئىقتىساد قا-

www.uyghurkitap.com

رىشى ئاجىز، ۋاقىت تۇيغۇسى سۇسلاشقان كىشىلەردۇر. ھازىرقى كىشىلەر بىلەن كونىلارنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىدىكى پەرق كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ھاراقنىڭ ئەرلەرنىڭ ئەرلىك ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشىمۇ 1674-يىلىلا ئەنگلىيەدە بايقالغان. بىز ھاراقنى «سۈيۈق خىروئىن» دېدۇق. ئەمما ئۇ يەنىلا كىشىلىرىمىزنىڭ دائىملىق ئىستېمالى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئىلگىرى ھاراقكەش دېسە، مەدەنىيەت ساپاسى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە كىرىمى تۆۋەن، مۇقىم ئىشى يوق تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلەتتى. ھازىر مائاشلىقلار بۇ سەپكە تولۇق دېگۈدەك قېتىلىپ كەتتى، ھاراق ئىچىش قىلمىشى ئەرلىرىمىزدىن ناھايىتى تېزلىكتە شەھەر، بازارلاردىكى ئاياللىرىمىزغا يامراۋاتىدۇ.

شۆھرەتلىك ئەدىب، سىياسىيون، مەرھۇم چىڭغىز ئايتماتوف (1928 — 2008) ئەپەندى بىر ئۆمۈر ھاراقنى ئېغىزىغا ئالمىغان. ھەتتا چەت ئەللەرنىڭ پىرېزىدېنتى بىلەن سۆھبەتلەشكەندىمۇ ئۇ ئىستاكاندىكى چاي بىلەنلا «خوش» دېيىشكەن! ئاتا-بوۋىلىرىمىز ھاراقنى «ھەلەق»، «شەيتاننىڭ سۈيدۈكى»، «ئېشەكنىڭ سۈيدۈكى»، «يۇندى»... دېگەندەك قوپال ئىبارىلەر بىلەن سۈپەتلىگەن بولسا، بىز ئۇنى قىممەتلىك نەرسە سۈپىتىدە ئەڭ ئەزىز مېھمانلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتىدۇق.

يات بىر مەست ئەر بىلەن تانسا ئويناۋاتقان ئايال ئارىسىدىكى پاراڭ:

— ھەيىي... مەن ئايالىم بىلەن زادى چىقىشالمىدىم، ساڭا بەك ھەۋىسىم كېلىدۇ.

— ...

— سەن بەك چىرايلىق، ئېرىڭ كۈندە...

— نەدىكىنى، ئۇ ھاراق ئىچىپ تۈگەشتى، مەست كەلگەندە، يېقىن يولىمىسا، ئادەتتە ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان...

— ھى ھى ھى، مەن...

— ...

يەنە بىر كۈنى ئايالنىڭ ئېرى يەنە ھاراق ئىچىشكە مېڭىپ قالدۇ، بۇ قارا يۈز، چەم يۈز «شەيتان» ھەرىكەتكە ئۆتتىدۇ، ئايالنىڭ تېلېفونى سايراپ قالدۇ. ئىشىكنى چېكىلىپ قالدۇ... ئىشىك ئېچىلىپ قالدۇ... ئاندىن...

... تاماكىنىڭ زىيىنىمۇ كۆپ. نىكوتىن مېڭىنى زەھەرلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئادەم مېڭىسى زىيادە چارچىغاندا تاماكا چەكسە، مېڭە ۋاقىتلىق تورمۇزلانغاچقا چارچاش پەسەيگەندەك بىلىنىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، تاماكا مېڭىگە ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغان بولۇپ، تاماكا چېكىدىغان ئەرلەر بايقاش ئىقتىدارىدىن تېز سۈرئەتتە مەھرۇم قالىدىكەن. ئەنگلىيەلىك ئالىملار 5000 دىن ئارتۇق ئەر، 2000 دىن ئارتۇق ئايال ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تاماكا چېكىدىغان ئەرلەرنىڭ مېڭىلىرىنىڭ 45 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن تېز سۈرئەتتە چىرىيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا، 25 يىلدىن ئارتۇق تاماكا چەككەن ئەرلەرنىڭ بايقاش ئىقتىدارى تاماكا چەكمەيدىغانلارغا قارىغاندا ئون يىل ئارقىدا تۇرىدىكەن. ئەنگلىيە رادىيو شىركىتىنىڭ 2012-يىلى 21-مارتتىكى بىر خەۋىرىگە قارىغاندا، دۇنيا ئۆپكە ساغلاملىقى فوندى جەمئىيىتى ئۆتكەن ئون يىلدا 50 مىليون ئادەمنىڭ تاماكا چېكىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بۇ سانىنىڭ ئۈچ ھەسسە ئاشقانلىقىنى ئېيتقان. شۇ كۈنى بۇ جەمئىيەت ۋە ئامېرىكا راك كېسەللىكلىرى جەمئىيىتى: ئەگەر بۇ خىل ئەھۋالدا بۇرۇلۇش بولمىسا، بۇ ئەسىردە تاماكا چېكىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ 1 مىلياردتىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى (يەنى ھەر ئالتە سېكۇنتتا بىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقى)نى ئېيتقان. تاماكا چېكىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغانلارنىڭ 80% ى ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن كىرىملىك دۆلەتلەردىن ئىكەن، مۇشۇ كۈنلەردە تاماكا چېكىش يېشىمىز بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىپ بارىدۇ.

مېنىڭ ئەخلاق ھەققىدە ئويلىنىشىمغا سەۋەب بولغان تەرەپلەر بۇلا ئەمەس. كىشىلەر ئۆزئارا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشىش ئەسلىدە ئادەملەرنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنىڭ، ئادەمىي ئەخلاقنىڭ يادروسى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بايلار بىلەن نامراتلار، ھوقۇقدارنىڭ نوپۇز سۈرى ئاجىزلاشقىنى يوق. يېقىنلار، ھەتتا قېرىنداشلار ئارامۇ مېھىر-شەپقەتنىڭ سۇسلىشىشى، باراۋەرسىزلىكلەرنىڭ دائىملىشىشى، سەۋرسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ كۆپىيىشى، دوستلۇق قەدرىنىڭ ئاجىزلىشىشى، تەكەببۇرلۇق، ھېسداشلىقنىڭ رەسمىيەتكە ئايلىنىشى، جانباقتىلىق: يولسىز بوزەك قىلىش، يالغانچىلىقنىڭ ئومۇملىشىشى؛ ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭ سۇسلىشە-

شى، ھەمكارلىقنىڭ كىشەنچىسىزلىكى، ھۇرۇنلۇق، تاينىۋې-
لىش، باتۇرلۇق ئېڭىنىڭ يوقىلىشى، ئادىللىقنىڭ شوئارغا
ئايلىنىپ قېلىشى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى سېزىش، مەنە-
ۋى سىمۋوللارنى قوغداش، ئادىلسىزلىق، باراۋەرسىزلىك-
لەرنى چۈشىنىشكە بولغان سەزگۈرلۈكنىڭ بولماسلىقى: سا-
دىقلىق، پىداكارلىقنىڭ ئاجىزلىشىشى، كالتە پەملىك، ئې-
شەنچىسىزلىك، ئالدىراقسانلىق، ئىچىتارلىق، ھەسەتخور-
لۇق، مەيخورلۇق، ئىسراپخورلۇق، قوپاللىق، مەسخىرىۋاز-
لىق، غەيۋەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، زىيادە گۇمانخورلۇق،
ھاياسىزلىشىش، مىننەتخورلۇق، نەسەبخۇمارلىق... لارنىڭ
كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى مىنىڭ ئەخلاق
ھەققىدە قولۇمغا قايتا قەلەم ئېلىشىمغا سەۋەب بولدى.

## 4. دىن ۋە ئەخلاق

ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق تارىخى بەك ئۇزۇن، چۈنكى
جەمئىيەت تەرتىپكە تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ. قائىدە بول-
مىسا تەرتىپمۇ بولمايدۇ. ئىنسانلار جەمئىيەت ھاسىل قىل-
غاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ نىكاھلىنىش مەسىلىسىدە ئىج-
تىمائىي تەرتىپكە ئېھتىياجلىق بولغانلىقى مەلۇم. سەۋەبى
نەسىل قالدۇرۇش ماھىيىتى پەيدا قىلغان مەسىلە يالغۇز نى-
كاھنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى تويدىن بۇرۇن ۋە كېيىنكى
مەسىلىلەرگە — مۇھىمى كېيىنكى ئەۋلادلارنى قانداق تەر-
بىيەلەشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىگە تۇتاشقانىدى. شۇڭ-
مۇ ئەخلاقنىڭ ئەڭ زور بۇرچى جىنسىيەتنىڭ ئۆلچىمىدۇر.
نومۇسنى سېتىش، ئىپپەت-ۋاپادارلىق، قىزلىق قاتارلىق
مەسىلىلەرگە قارىتا كىشىلەرنىڭ ھوشيارلىقى ئېشىپ، جىنسى-
يەت ئەخلاقى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. بەزى قۇشلار
ۋە ھاشاراتلاردا جورىسىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان ئادەت
بار. ئەمدى ئىنسانلارمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىشتەك يېڭى مە-
سىلىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئوخشىمىغان
قوۋملاردا قىز-ئاياللاردىكى ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتىنى غە-
دىقلايدىغان ئالامەتلەرنى يۇركەنجىگە ئېلىش ئادىتى بارلىق-
قا كەلگەنىدى.

ھايۋانلار يەنە قاچان ئۇزۇق تاپىدىغانلىقىنى بىلمە-
گەچكە، نەرسىلەرنى ئاچ بۆرىدەك يەيدۇ. بۇ خىل بىل-
مەسلىك ئامىلى ئاچ كۆزلۈكنىڭ مەنبەسى ئىدى. جامائەت
ئارا ئالاقىلەرنىڭ كۈچىيىشى، جەمئىيەت كىشىلىرى سانىنىڭ
تېز سۈرئەتتە ئېشىشى بىلەن، ئادەملەردىمۇ ئەنە شۇنداق
ئاچ كۆزلۈك، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق، زوراۋانلىق، ئادەم
ئۆلتۈرۈش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر
پەيدا بولدى. بۇلار كىشىلەرنىڭ مۈلۈك، جىسمانىي بىخە-
تەرلىكى ۋە پىسخىك بىخەتەرلىكىگە خەۋپ كەلتۈردى.
ئەخلاقسىزلىق كۆپەيدى، دەسلەپكى كىشىلەردىكى
ئەخلاق ئۇقۇمى ئەنە شۇنداق ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ بىنور-
مال ئەھۋاللىقىنى بايقاشتىن بارلىققا كەلگەنىدى.

رىۋايەتلەردە تەبىئەتتىن ھالقىغان مەسلەك-ئەقىدىلەر
يارىتىلغان بولۇپ، ۋائىزلار، داخان-باخشىلار ئۇنى
ئەرشىنىڭ جازاسى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، جەمئىيەت
ئارزۇ قىلغان ھەرىكەت شەكلى شەكىللەندۈرەتتى.
ئەرشىنىڭ ئارزۇسى ۋە قورقۇنچىسىنى شىپى كەلتۈرۈپ
شەخسنى ئۇنىڭ ھۆكۈمى ۋە كوللېكتىپنىڭ ئۇنى چەكلىشى-
نى راۋا كۆرۈشكە دەۋەت قىلاتتى. جادۇگەرلىك، تۇتىمغا
چوقۇنۇش، پان ئىلاھچىلىق، ئەپسانە ۋە ھەر خىل خۇرا-
پات قاتارلىق بۇنداق دەسلەپكى ئېتىقاد، ئىشەنچلەر ئەقىل-
دىن تۆۋەن تۇرىدىغان، ئىجتىمائىي توپلۇق، تەبىئەتچىلىك
ئاساسىدا ئېتىقادلار بولۇپ، بۇلار شەخسنى ئىجتىمائىي
توپقا بويسۇندۇرۇش، ھاياتنى سۆيدۈرۈش، قەلبنى بىخە-
تەر ۋە ئارامخۇدا قىلىش رولىنى ئۆتىگەنىدى.

ئەنگلىيەلىك مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسى بۇرنېت
تايلور (Edward Burnett Tylor 1832 — 1917) 1871-
يىلى يازغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن كىتابىدا:
«نىسبەتەن تۆۋەن دەرىجىدىكى قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىدى-
مۇ يېتەرلىك ئەخلاق مەۋجۇت ئىدى. ئۇلاردا ئەخلاق مى-
زانلىرى بولمىغىنىدا ئىدى، تەرەققىي قىلالمىغان، مەدەنىي-
لىشەلمىگەن، ئەڭ قالاق قەبىلىلەرمۇ ھەققىي مەۋجۇت بو-
لالمىغان بولاتتى» [3] دەپ يازىدۇ. ئەينى دەۋرلەردىكى
كىشىلەر ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى خۇلاسىلەپ، كونكرېت
ماددىلارغا ئايرىپ، سىستېمىلاشقان، ئومۇملاشقان ۋە نە-
زەرىيەۋىلەشكەن ئەخلاق ھۆكۈملىرىگە ئايلاندۇرمىغان
بولۇشى تەبىئىي، بىراق بۇ ئۆلچەملەر قائىدە-يوسۇن،
ئادەت، پەرھىز قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەردە مەۋجۇت
ئىدى.

كېيىنكى مۇكەممەل دىنلار شەكىللەندى. تەبىئىيكى
بۇ دىنلار ئەقىلدىن ھالقىپ كېتىشتەك ئىلاھىدىلىككە ئىگە

بولۇپ، ئۇ دەسلەپكى ئېتىقاد، ئىشەنچلەر ئۆتكەن ئادەتتىكى روللاردىن باشقا يەنە سىستېمىلاشقان كۈچلۈك ئەخلاقىي تەلەپلەرگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپقا سېلىشتا غايەت زور رول ئوينىغانىدى. بۇ خىل رولنىڭ جارى بولۇشىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ رولى يۇقىرى بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن، زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن ئالدىن بېشارەت بېرەلەيدىغانلار بار. تارىختىكى پەيغەمبەرلەر «ۋەھىي»لەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ، ئۆز قوۋمىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا تىرىشقانىدى. دىنلار تۈرلۈك پەرھىزلەرنى ۋاستە قىلىپ ئەخلاقنى قوغدايتتى. پەرھىزلەر دىنىي پائالىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن ئىلمىي قاراشلار سىڭىپ كەتكەنىدى.

ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ، يازغۇچى ئايىن راند (1905 Ayn Rann ـــ 1982): «شەخسنىڭ بەختىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەڭ ئالىي ئەخلاقىي مەقسەتتۇر» [4] دېگەن. بۇ خىل ئەخلاقىي مەقسەت ھەرقايسى دىنلاردا روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يەنى مۇتەپەككۇر نىبۇر (Reinhold Niebuhr .1892ـ 1971) ئېيتقاندەك: «دىندىكى بىۋاستە سېزىم ئادەمگە پەقەت ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ گۇناھ (جىنايەت) بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئۇنۇملۇك تونۇتىدۇ» [5].

ھازىر كىشىلەر ئەخلاقنى دىنىي ئەخلاق ۋە دەھرى (دىندىن خالىي) ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلىدۇ. دىنىي ئەخلاق دېگەنلىك مۇخلىس-ئېتىقادچىلارغا (ئېتىقادچىلار ئارا ۋە ئېتىقادچىلار بىلەن دەھرىي كىشىلەر ئارا) قويۇلىدىغان ئەخلاق تەلەپلىرىدۇر. ئۇ ئېتىقادچىلار دىنىي تۇرمۇش (دىنىي پائالىيەت، دىنىي ساھە)تا رىئايە قىلىنىدىغان ھەرىكەت ئۆلچىمىدۇر. ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى ۋە تەگ‌شەيدىغان ئوبيېكتلىرى ئېتىقادچىلار بىلەن ئىلاھنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئېتىقادچىلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان ئادەملەر ۋە ئىلاھنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىۋاستە تايىنىش ئارقىلىق، ئېتىقادچىلار بىلەن ئېتىقاد ئوبيېكتلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەپ، ئادەم بىلەن ئىلاھنىڭ مۇناسىۋەت تەلەپلىرىنىڭ ئۆلچەم مىزانلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. دەھرىي ئەخلاق دەھرىي جەمئىيەت (دىنىي جەمئىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان جەمئىيەت)تە يۈرگۈزۈلىدىغان ئەخلاق مىزانلىرى ۋە ئۇنىڭ سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ رېئال ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تەڭشەپ، دىندىن خالىي مۇناسىۋەت تەلەپلىرىنىڭ ئۆلچەم، مىزانلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ. قەدىمكى زامان جەمئىيىتى ياكى ھازىرقى زامان جەمئىيىتى بولسۇن، دىنىي ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ دىققىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا، ئەخلاق دۇنياسىغا بۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ روھىي پەزىلىتىگە، بولۇپمۇ ئەخلاق پەزىلىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، مەنىۋى ئىنتىلىش ۋە ئەخلاقىي ئىنتىلىش تۇرغۇزىدىغان قىلغان. دىن ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەخلاق تەلەپلىرى ئادەملەر بىلەن تەڭرىنىڭ ۋە ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشىگەنىدى. ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ، ماتېماتىك ئالفرېد. نود. ۋايىدخېد (1861 ـــ 1947) ئېيتقاندەك. «دىن بىر خىل جەمئىيەت ئەمەلىيىتى بولماستىن، ئاساسلىقى ئادەمنىڭ ئىچكى ھاياتلىقىغا ئالاقىدار بىر خىل سەنئەت ۋە بىر يۈرۈش نەزەرىيەدۇر. دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ ئۇقۇملىرى قوپال، پىشىپ يېتىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق بىۋاستە سەزگۈدىن، ئىدراكتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىلىش تارىخىدىكى زور سەكرەش ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىك تۇيغۇسى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ياراتقانىدى. دىندىكى ئۆز مەۋجۇتلۇقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلدۈرۈش جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى قوغداش رولىنى ئۆتىگەنىدى» [6].

ئەخلاقنىڭ كېلىش مەنبەسى مەسىلىسىگە نىسبەتەن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئىلاھىيەتشۇناسلار باشتىن-ئاخىر قەتئىي رەۋىشتە «ئەخلاق دىندىن باشلانغان» دەپ قارىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئاتېئىست مۇتەپەككۇرلارمۇ «ئەخلاق دەھرىي جەمئىيەتتىكى ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىنكاسىدۇر. ئەخلاقنىڭ دىن ۋە ئىلاھ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. يەنە بەزىلەر «دىن (ئېتىقاد) ئەخلاقنىڭ ئاساسى ۋە كاپالىتى. ئەخلاق

دىندىن ئايرىلسا مۇمكىنسىزلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ» دېيىش-
تى. بەزىلەر «ئەخلاقنىڭ دىننى ئاساس قىلىشى ۋە دىننى
كاپالەتكە ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. دىن بولمىسى-
مۇ، ئەخلاق بىرخىل ئىجتىمائىي مىزان ۋە ئادەملىك پەزى-
لىتى سۈپىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇۋەرسە ھەمدە ئۆ-
زىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى رېئاللاشتۇرسا ۋە جارى قىلدۇر-
سا بولۇۋېرىدۇ» دەپ قاراشتى. ئەمما تارىخىي رېئاللىق
كۆرسەتتىكى. دىن بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، دىن بىلەن
ئەخلاق ئەزەلدىن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلدى. بىز
دىنلاردىكى ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى
تەڭشەيدىغان ئەخلاقىي دەۋەتلەرگە قارىساق، ئەڭ
گۈزەل، ئەڭ توپ ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى بايقايمىز.

ئەڭ قەدىمىي دەۋردە شەكىللەنگەن ھىندى دىنىدى-
كى ھەرىكەت ئۇسۇلى ــ «يوگا» (Yoga) تەلىپىدە،
«سەككىز يوگا» تەشەببۇس قىلىنغان بولۇپ، كىشىلىك
ئەخلاقتا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق ئىككى چوڭ تەلەپ بار:
بىرى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ــ سەۋرچانلىق، يەنى، جان-
لىقلارنى ئۆلتۈرۈش، ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق، پاھىشىۋاز-
لىق، ئاچ كۆزلۈك پەرھىز قىلىنىدۇ؛ يەنە بىرى ئىجرا
قىلىش، بۇ تاھارەت ئېلىپ-يۇيۇنۇپ پاكلىنىش، ئىنساب-
شۈكۈر-قانائەت قىلىش، ئاددىي-ساددا بولۇش، ئۆگىنىش
ۋە خۇداغا ئېتىقاد قىلىش ــ ئىشىنىش قاتارلىقلار.

شامان دىنىدا «ياخشى ئادەملەرگە دائىم ياخشىلىق
قىلىدىغان ئادەم» دېگەن ئالى تەشەببۇس قىلىنغان. بۇ
دىندىكى باخشىلار دۇئا-تىلاۋەت بىلەن ئادەملەرنى جىن-
شاياتۇنلار (ئادەملەرنىڭ دۈشمىنى)نىڭ پالاكىتىدىن،
تۇرلۇك ئەم-ئىرىم پائالىيەتلىرى بىلەن كېسەللەردىن قۇت-
قۇزىدىغان شەخسلەردۇر، بۇ دىندا يېقىن تۇغقانلارنىڭ
توي قىلىشى چەكلەنگەن.

ئاتەشپەرەسلىك دىنىدا باش تەڭرىنىڭ ياخشى ئىدى-
يە، ئالىيتە ھەقىقەت، نادىر ھاكىمىيەت، راستچىللىق، ئۆل-
مەسلىك، قۇدرەت قاتارلىق ئالتە سۈپىتى تەسۋىرلىنىدۇ.

مانىي دىنىدا «ئۈچ نەرسىنى بەند قىلىش» ۋە
«ئون ئىشتا پەرھىز تۇتۇش» تەشەببۇس قىلىنىدۇ. «ئۈچ
نەرسىنى بەند قىلىش» ــ ئېغىز بەند، يېمەك-ئىچمەك ۋە
سۆز بەند (ھاراق ئىچمەسلىك، گۆش يېمەسلىك، يالغان
سۆزلىمەسلىك)، قول بەند-ھەرىكەت بەند (يوشۇرۇن

يامان ئىش قىلماسلىق)، كۆڭۈل بەند (زىنا ھەۋىسى قىل-
ماسلىق)تۇر. بۇ ئۈچ بەند ئىچىدە جانلىقلارنى ئۆلتۈر-
مەسلىك ۋە پاھىشە قىلماسلىقتا ھەممىدىن بەك ئېتىبار قىلى-
نىدۇ. «ئون ئىشتا پەرھىز تۇتۇش» ــ ئۇتقا، بۇتقا چو-
قۇنماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، پارا ئالماسلىق ــ ئاچ
كۆزلۈك قىلماسلىق، جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، پاھىشە
قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئالدامچىلىق ۋە سېھىر-
گەرلىك قىلماسلىق، ئالا نىيەت بولماسلىق، ھۇرۇنلۇق قىل-
ماسلىق، ھەر كۈنى تۆت قېتىم ياكى يەتتە قېتىم ئىبادەت
قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇددىزم ئەقىدىسىدە رېئال دۇنيا چەكسىز ئازاب
دەپ قارىلىپ، ئۇنىڭغا سەلبىي باھا بېرىلىپ، ئۇنىڭدىن
قۇتۇلماقلىق ــ تەركىدۇنياچىلىق تەشەببۇس قىلىنغان.
ئەمما بۇددا دىنى قويۇق ئەخلاق تۈسىگە ئىگە. ئۇنىڭدا
جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، ئوغرىلىق قىلماسلىق، پاھىشە
قىلماسلىق (نىكاھسىز ھالدا ھەرقانداق يات جىنس بىلەن
جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىق)، يالغان سۆزلىمەسلىك،
ھاراق ئىچمەسلىك، باشقىلار ئالدىدا كۆپ سۆزلىمەسلىك
ئۆزىنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالماسلىق، بېخىللىق قىل-
ماسلىق، خاتالىشىپ تۇۋا قىلماسلىق، تۆھمەت قىلماسلىق
قاتارلىق ئون ئىش پەرھىز قىلىنغان. بۇددا دىنىدا يەنە 12
ياشتىن كىچىك راھىب ۋە راھىبەلەرگە يۇقىرىدا كۆرسىتىل-
گەن پەرھىزلەردىن باشقا ھەشەمەتلىك كارىۋاتلاردا ئول-
تۇرماسلىق، ياتماسلىق، قالايمىقان، غىزالانماسلىق، ناخشا
ئاڭلىماسلىق، ئۇسسۇل كۆرمەسلىك، ئالتۇن-كۈمۈش قا-
تارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى ساقلىماسلىق پەرھىز قىلىن-
غان. بىر ئائىلىدىكى راھىب ۋە راھىبەلەرنىڭ بىر-بىرىگە
خىيانەت قىلماسلىقى (بارلىق يات جىنستىكىلەرگە ھۆرمەت
بىلەن قاراپ، نورمالسىز ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت قىلماس-
لىقى)، ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشلارنى باشقىلارغا دېمەسلىكى
قاتارلىق بەش ئىش پەرھىز قىلىنغان.

خرىستىيان دىنىدا ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش ۋە
ھۆرمەتلەش، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، پاھىشە قىلماسلىق،
ئوغرىلىق قىلماسلىق، يالغان ئىسپات بەرمەسلىك ۋە باشقى-
لارغا زىيان سالماسلىق، باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىگە خىيا-
نەت قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىغا مەستانە
بولماسلىق قاتارلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرى بار. خرىستىيان

دىنىدا يەنە باراۋەرلىك ۋە مېھىر-شەپقەت ئەڭ يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا «خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر»لىك ئىدىيەسى بار. ئەيسا ئەلەيھىسسالام (م ب 6- م 30)نىڭ: «كىشىلەر سىلەرگە: ‹قولۇم-قوشنىلىرىڭلارنى سۆيۈڭلار› دېسە، مەن سىلەرگە: ‹دۈشمەنلىرىڭلارنى سۆيۈڭلار، بەختسىزلەرگە بەخت تىلەڭلار!›. ‹سىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، سىلەرنى ئەزگەن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار› دەيمەن» دېگەن مەشھۇر سۆزى بار.

ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس»لەردە بايان قىلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە ئەلفارد (مەجبۇرىيەت ھەرىكەتلىرى)، مۇستەھەب (تەرىپلىنىدىغان ھەرىكەتلەر)، جايىز (يول قويۇلىدىغان ھەرىكەتلەر)، مەكرۇھ (يىرگىنىشلىك ھەرىكەتلەر)، ھارام (پەرھىزنى بۇزىدىغان ھەرىكەتلەر) قاتارلىق بەش دەرىجە بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس، مۇكەممەل لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۆزى ھايات چېغىدا رېئاللاشتۇرغان.

بۇنىڭدىن باشقا ياپونلارنىڭ شىنتۇ دىنى ئاتالمىسىدىكى «شىنتۇ» (Shinto) «شەيئىلەرنى ئوبدان، ئاق كۆڭۈل، پاك، كۆپ مەھسۇلاتلىق، گۈزەل قىلىپ ئۆزگەرتىدىغان تەڭداشسىز خۇدا» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا «خەلق پادىشاھقا سادىق بولۇش، باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا سەممىي بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش، قەيسەر بولۇش، ئادەملەر تەبىئەتكە ماسلىشىش» ھالقىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

جۇڭگودا شەكىللەنگەن، لېكىن كېڭەيمىگەن داۋ (داۋجىياۋ) دىنى (تويىن دىنى، تەرىقەت دىنى)دا گەرچە «تەرەپلىنىپ ئەۋلىياغا ئايلىنىش، مەڭگۈ ئۆلمەي ياشاش، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش»تەك تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماس بولمىغان ئارزۇ ئاساسلىق نىشان قىلىنسىمۇ، «تىنچ، ئاسايىش زامان قۇرۇش، روھنى قۇتۇلدۇرۇپ نىرۋاناغا يېتىش» تەك غايىلىرى بار. ئۇنىڭدا «ئىنسانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئەڭ ياخشى داۋ (ئەقىدە)نى بويلىغانلىق» دەپ قارالغان. كۆڭۈرچىلىق داۋ دىنى ئىلاھىيىتىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ، كۆڭۈرچىلىق تەلىماتىدىكى بالا ئاتىغا، ئايال

ئەرگە، ئۇكىلار ئاكىلارغا بويسۇنۇشتەك ئۆزگەرمەس مۇناسىۋەت — «ئۈچ ئەركان» (三刚) ۋە مېھرىبانلىق (仁慈, 仁)، ھەققانىيەت (正义, 义)، قائىدە-يوسۇن (礼仪, 仪)، بىلىم (学识, 智慧团)، سادىقلىق (信义, 信) تىن ئىبارەت «بەش ئەھكام» (五纲) ئىدىيەسى ئۇنىڭ دىنىي ئەخلاقىنىڭ ئاساسىغا ئايلانغان.

كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى ئەخلاقىي ھەرىكەت ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرى ئىلاھتىن قورقۇشتىن كەلگەن بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. كېيىنچە بىر قىسىم پەلسەپىۋى ئاڭلارمۇ مۇشۇ خىل رولنى ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆتىگەن. ھالبۇكى بۇنداق رول يەنىلا دىنىدەك چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمىغانلىقى مەلۇم. تەن ئېلىش كېرەككى، ھەرقايسى دىنلار ئوخشىمىغان ماكان ۋە زاماندا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىكى ۋاستە بولۇپ قالغان. ھۆكۈمرانلارنىڭ سەممىيىتىگە تەلتۆكۈس تەسىر كۆرسىتەلمىگەن، شۇنداقتىمۇ ئاۋامنىڭ كۆپىنچىسى تارىختىن بېرى ئەنە شۇنداق گۈزەل ئەخلاق مىزانلىرىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىپ ياشىغانىدى.

ئېتىقاد ئەخلاقىنىڭ ئوق يىلتىزى، چۈنكى «دىنىي تۇرمۇشنىڭ مەركىزىي نىشانى مۇقەددەس كۈچ، مۇقەددەس ئەخلاقنى چۈشىنىش ۋە باشتىن كەچۈرۈش، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىدارە قىلىدىغان ئىلاھىي ئىرادە ياكى ئاخىرقى قانۇنىيەتنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتۇر» [7].

ئاقىلانىلىك شۇكى، دىنىنىڭ رولىنى، دىنلاردىكى بۇنداق ئەخلاق دەۋەتلىرىنى كۆپلىگەن كىلاسسىك مۇتەپەككۇرلار مۇئەييەنلەشتۇرگەن، ئۇلار دىن بىلەن پەننى، شۇنداقلا ھەر خىل دىنلارنى بىر-بىرىگە تۈپتىن قارشى قويمىغان. نۇرغۇن پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار، ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەر، داھىيلار، رەھبەرلەر دىن بىلەن ئەخلاقنىڭ رولىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. ئارىستوتېل ئېتىكىغا دائىر ئەسەرلىرىدە باتۇرلۇق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، مەرد-سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق، ئادىللىق، ئېغىر بېسىق، تەمكىنلىك، دەردىگە يېتىش، دوستانىلىق، مېھرىبانلىق، ئېھتىياتچانلىق، سەممىيلىك، راستچىللىق قاتارلىقلارنى مۇھىم ئەخلاق كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەكرار

بايان قىلغان سوقرات (م ب 469ـ م ب 399): «پەقەت خۇدالا ئەڭ دانادۇر. ئادەمنىڭ ئەقىل-پاراستى هېچنېمەگە ئەرزىمەيدۇ» [8] دېگەن. ئۇ كىشىلەرنى خۇدانى ئىنكار قىلمىغان ئاساستا ئۆزى ۋە باشقا هەرقانداق شەيئىلەر هەققىدە سوغۇققان، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە، راستچىل، سەممىي بولۇشقا چاقىرغان. قەدىمكى گىرېتسىيەدە دىن بولمىغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەپلاتون (م ب 427ـم ب 347) كۆپ ساندىكى گىرېتسىيەلىكلەرگە ئوخشاشلا: «بىر ئادەمدە دىن بولمىسا، بىر شەھەر پۇقرالىرىنىڭ هەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان دىن بولمىغانغا ئوخشايدۇ. بۇ شەھەر مۇكەممەل شەھەر بولالمايدۇ» [9] دەپ قارىغان. ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ بوسونكونت (Bosonquent)مۇ: «دىنىي مەجبۇرىيەت بىلەن ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت ئوخشايدۇ. ئالاھقا بولغان مەجبۇرىيەتمۇ ئوخشاشلا ئادەمگە بولغان مەجبۇرىيەتتۇر» [10] دەپ قارىغان. هىندىستاننىڭ داهىيسى گەندى (1869 — 1948): «دىن بىلەن ئەخلاق بىر نەرسە... دىننىڭ ماهىيىتى ئەخلاقتۇر» [11] دېگەن. ئەنگلىيەلىك مۇتەپەككۇر شائىر ماتىۋ ئارنولد (Matthew Arnold. 1822 — 1888) نىڭ «دىن هېسسىياتنى قوزغىتىدىغان ئەخلاقتۇر» [12] دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. ئۇلار ئاساسەن دىنىي ئەخلاققا تەڭ قىلغان ۋە ئەخلاققا يىغىنچاقلىغان. ئىسپانىيە تەۋەلىكىدىكى ئامېرىكىلىق پەيلاسوپ، شائىر گېئورگې سانتاياna (1863 — 1952)نىڭ «دىندىكى ئاقىلانىلىك» دېگەن كىتابىدىكى: «پەقەت دىنىي تەسىر بولغاندىلا، ئادەملەردە ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئادىمىيلىك جەھەتتىن بولمىسا بولمايدىغان نەرسىلەر مەۋجۇت بولىدۇ. بۇلار ئومۇميۈزلۈك قوبۇللانغان ئەخلاق قانۇنىغا، سەنئەت ۋە پەلسەپىنىڭ تايانچىسىغا ئايلىنىدۇ. بۇ بەلكى يەنە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور شادلىق مەنبەسى بولۇشىمۇ مۇمكىن» [13] دېگەن سۆزى تېخىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يۇقىرىقى كىتابىدا كىشىلەرنى دىنىي ئېتىقادچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ كېتىشكە ئىلھام بەرمىگەن. بىراق كىشىلەردىن دىنغا نىسبەتەن مۇۋاپىق پوزىتسىيەسىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ «دىن ئىنسانلار هاياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، ئۇ تارىخىي شەيئى، ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن شەيئى» دەپ قارىغان.

بىز بۇ يەردە پەننىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىش بىلەن بىرگە، تەبىئىيلا مۇنۇ سۆزلەرنى قايىللىق ئىچىدە ئەسكە ئالىمىز.

«ئۇلۇغ دىن — ئۇلۇغ مەدەنىيەت قۇرۇلىدىغان ئاساس.» [14]

— رىستوفېر. داۋسسون

«پەقەت دىنىي ۋە مۇكەممەل بولغان مەنىۋى تۇرمۇش بولغاندىلا هەقىقەت ۋە مەجبۇرىيەتنى ئېچىپ بەرگىلى بولىدۇ.» [15]

— ب يېرگايېف (رۇس پەيلاسوپى. 1874ـ 1948)

«ئېتىقادتا ۋە تەۋەررۇنەمەس ئىرادىگە ئىگە يىراقنى كۆرەلەيدىغان روھلا ئېغىر يۈكلەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. چۈنكى ئېغىر يۈكلەر مەزمۇت روھقا موهتاج.» [16]

— نىتچشې (گېرمانىيە)

«دىن كىشىلىك هاياتقا ئەڭ كەڭ مەنە بەخش ئېتىدۇ، كىشىلىك هاياتنى ئىزاهلاش ۋە قۇرۇشتا ئۇ ئىلمىيەنگە قارىغاندا تېخىمۇ زور رولغا ئىگە.» [17]

— ب ر يان ۋېلسون

«دىن خەير-ساخاۋەتنىڭ ئانىسى.» [18] (1953-يىلى)

— فرانىك ئېمېرسون

«ئادەم ئېتىقاد ئارقىلىق دۇنيانىڭ مەنىسىگە ئېرىشىدۇ. هەرىكەتنى ئارقىلىق دۇنياغا مەنە بېغىشلايدۇ.» [19] (1994-يىلى).

— ك. سېترېر

«بىر ئادەمنىڭ مەلۇم دىنغا ئېتىقاد قىلىشى بۇ ئادەمنىڭ نەقەدەر ئەخمەق ئىكەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ تېخىمۇ هەقىقىي رەۋىشتە مەنىۋى پاناهگاھ تاپقان بولۇشى مۇمكىن. گەرچە بۇ خىل پاناهگاھ غايىۋى پاناهگاھ بولمىسىمۇ.» [20]

— ۋاڭ كۇنچىڭ

«پەزىلەت — دىن ئەنئەنىسى، ئەدەبىيات هېكايىلىرى، دانىشمەن-پەيغەمبەرلەر ۋە تارىختىكى ئاقىللار مۇئەييەنلەشتۈرگەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ بىر پۈتۈن ماسلاشما گەۋدىسىدۇر.» [21]

— مايكېر نوۋاك (ئامېرىكا پەيلاسوپى)

«دىن — تەبىئەتنىڭ ئەقىل ئېلىپ كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەۋپىگە قارشى ئىشلىتىدىغان بىر خىل مۇداپىئە ۋا-

ستىسى... تەبىئەت دىنني قورقۇش، دىنني چەكلىمە، دىنني ئەمرىمەرۇپ قاتارلىق ۋاستىلەر ئاساسىدا مۇداپىئەلىنىدۇ. شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ ھەمكارلىقىنى ساقلايدۇ.» [22]

ــ ھېنرى بېرگسون (فرانسىيە)

خۇلاسە كالام شۇكى، دىن، ئىلىم ـ پەن، پەلسەپە، سەنئەت قاتارلىقلار ئىنسانلار ھاياتىنىڭ مۇھىم تىرىكى بولۇپ، كېيىن بۇنىڭغا سىياسىي قوشۇلغان، دىن ئەڭ بۇرۇنقى مەۋجۇتلۇق بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق مەنىۋى تۈرمۇش شەكلى بولۇپ كەلگەن.

**نەقىل مەنبەلىرى:**


[1] فرىدرىخ نىتچشې (گېرمانىيە): «زورۇئاستىر شۇنداق دېدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 69 ـ بەت.

[2] ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئۆمۈر مەنزىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 1998 ـ يىلى 5 ـ باسمىسى، 147 ـ بەت.

[3] زىپك گۋاگلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، دىن مەدەنىيتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 5 ـ بەت.

[4] جامېس راچېلس، ستۇئارت راچېلس (ئامېرىكا): «ئەخلاقنىڭ سەۋەبى»، جوڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىلى 6 ـ ئاي 2 ـ باسمىسى، 71 ـ بەت.

[5] ر. نىبۇر (ئامېرىكا): «ئەخلاقلىق ئادەم ۋە ئەخلاقسىز جەمئىيەت»، گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 33 ـ بەت.

[6] ئا. ن. ۋايىدخېد (ئەنگلىيە): «دىننىڭ شەكىللىنىشى، بەلگىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۈنۈمى»، گۈيجۇ نەشرىياتى شىركىتى، گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 3 ـ بەت.

[7] ئېدۋارد. شىلىس (ئامېرىكا): «ئەنئەنە ھەققىدە»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 101 ـ بەت.

[8] مارتىن ئولۇۋېر (ئەنگلىيە): «پەلسەپەنىڭ تارىخى» ئۈمىد نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ بەت.

[9] ج. س. مىكلېللاند (ئەنگلىيە): «غەربنىڭ سىياسىي ئىدىيە تارىخى»، خەينەن نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 55 ـ بەت.

[10] زىپك گۋاگلې: «ئەخلاق ۋە مۇقەددەسلىك»، 8 ـ بەت.

[11] يۇقىرىقى كىتاب، 109 ـ بەت.

[12] يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

[13] گېئورگې سانتايانا (ئامېرىكا): «دىندىكى ئاقىلانىلىك»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 4 ـ بەت.

[14] سېمىل خانتىڭتون (ئامېرىكا): «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 ـ ، 56 ـ بەتلەر.

[15] ۋاڭ كۇنچىڭ: «روھ ۋە مائارىپ»، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 171 ـ بەت.

[16] فرىدرىخ نىتچشې (گېرمانىيە): «زورۇئاستىر شۇنداق دېدۇ». 32 ـ بەت.

[17] تەن چۇەنباۋ: «ئېتىقاد تەربىيەسى ۋە ئەخلاق تەربىيەسى»، مائارىپ ئىلمي نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 42 ـ بەت.

[18] داۋىد. گ. مايېرس (ئامېرىكا): «جەمئىيەت پسىخولوگىيەسى»، خەلق پوچتا ـ تېلېگراف نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ باسمىسى، 373 ـ بەت.

[19] ۋاڭ كۇنچىڭ: «روھ ۋە مائارىپ»، 112 ـ بەت.

[20] ۋاڭ كۇنچىڭ: «روھ ۋە مائارىپ»، 112 ـ بەت.

[21] توماس. لىكونا (ئامېرىكا): «ئامېرىكىچە دەرسخانا ــ پەزىلەت تەربىيەسىنىڭ مەكتەپتىكى ئۇسۇلى»، خەينەن نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 47 ـ بەت.

[22] ھېنرى بېرگسون (فرانسىيە): «ئەخلاق ۋە دىننىڭ كېلىش مەنبەسى»، گۈيجۇ نەشرىيات شىركىتى، گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى، 2007 ـ يىل خەنزۇچە 2 ـ نەشرى، 3 ـ بەت.


(داۋامى بار)

ئاپتور: يوسكام ناھىيەلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.


جىددىي بىلدۈرگۈ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىر بۆلۈمى تۆۋەندىكى ئادرېسقا يەنى: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر جىڭيۈەن سودا ئىشلىرى خىزمەت بىناسى (乌鲁木齐市文化路 28 号井源商业办公大楼) (ئەسلىدىكى بېيجۈەن سارىيى) 7 ـ قەۋەتكە قايتىپ كەلدى. پوچتا نومۇرى: 830002، تېلېفون: 2856942 (0991)، ۋاقىپلانغايسىزلەر.

ھۆرمەت بىلەن: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# تەپەككۇر مېۋىلىرى



## تەپەككۇر تەرمەچىلىرى

▲ قەھرىمانلىق بولسا ئادالەت ئالدىدا خالىس سوققان يۈرەكتۇر.

▲ ئادەم ئىلىم ئۆگەنگەنسېرى كەمتەرلىشىدۇ، سەپ-سەتە ئۆگەنگەنسېرى ھاكاۋۇرلىشىدۇ.

▲ دوستۇم ئېسىڭدە بولسۇنكى، سېنىڭ غەلبەڭ ھەرگىزمۇ ياخشىلارنىڭ نەپرىتى، ئاجىزلارنىڭ ئاھۇ - پەريادى بولۇپ قالمىسۇن.

▲ مەغرۇر ئادەم ئۆزىنىڭ چاپىنىدا، ھاكاۋۇر ئادەم باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدۇ.

▲ ئاتاڭنىڭ ھۈنەر - ئىلىمگە ۋارىسلىق قىلغىنىڭ ئۇنىڭ روھىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغىنىڭدۇر.

▲ پوچىلىق قىلغان ئادەمنىڭ دىلى ئەڭ كۆپ سەقىلىپ تۇرىدۇ.

▲ نۇرغۇن ئادەملەر «بىز ئائىلىگە مېھمان» دەپ، خاتا چۈشىنىپ قېلىۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىز بۇ ئائىلىگە مېھمان بولغىلى ئەمەس، ئوقۇغىلى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمىز.

▲ ۋىجدانسىز ئادەم ھەقىقەتنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

▲ ئادەمنىڭ ئېتىقادىنىڭ قانداقلىقى قىيىنچىلىقتا قالغاندا ئەڭ ئاسان ئاشكارىلىنىدۇ.

▲ سىز تۇرمۇشتا قىلىۋاتقان ئىش - ئەمەللىرىڭىزگە: «مەن ئوقۇغۇچى، ئىش ئەمەللىرىمدىن ھامان ئىمتىھان بېرىمەن» دەپ مۇئامىلە قىلسىڭىز، ئالغا يۈكسىلىشىڭىزدە گەپ يوق.

▲ «جاھالەت ئىلمى» ئۆگەنگەن ئادەم، ئاق دېسەڭ قارا، قارا دېسەڭ ئاق دەيدۇ؛ ئېگىز دېسەڭ، پاكار دەيدۇ، پاكار دېسەڭ ئېگىز دەيدۇ، ھەقىقەتنى كۆرسەتسەڭ، ئارقىسىنى قىلىپ تۇرىۋالىدۇ.

▲ ساختىلىق - يالغانچىلىقمۇ جاھالەتنىڭ بىر قىسمىدۇر، چۈنكى ساختىپەز - يالغانچىلار ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئالدايدۇ.

▲ دۇنيادا ئەڭ قارا نەرسە يالغانچىنىڭ يۈزى بىلەن مۇناپىقنىڭ دىلىدۇر.

▲ خۇشامەت ھامان ھەقىقەت ئۈستىدە ئەمەس بەلكى، مەنپەئەت ئۈستىدە بولىدۇ.

▲ ھايات ۋاقىتتىن قېرىپ ماڭغان بىلەن ئەجرىدىن ياشناپ ماڭىدۇ.

▲ قۇل مىجەز ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

## تەپەككۇر كۆزى

▲ ئىقتىدارلىق ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەڭ تېز ھېس قىلىدىغان ھەم ئەڭ تېز ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدىغان ئادەملەردۇر.

▲ ئىلمىي بولمىغان تەتقىقاتتا داملاش، كۆپتۈرۈش سۆزلىرى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ يۈرەككە ھەققىي ئورناشقان ئېتىقاد جان بىلەن چىقىدۇ.

▲ ساغلام ئەقىدە ئۈستىدە تۇرمىغان ئىلىم، زەھەرلىك مېۋىگە ئوخشايدۇ.

▲ ۋارىسلىق قىلىش ھەم راۋاجلاندۇرۇش بولمىغان مەدەنىيەت يوقۇلۇۋاتقان مەدەنىيەتتۇر.

▲ ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە پاسسىپلىق قىلىش، مەلۇم جەھەتتىن ئەجدادلارغا ھاقارەت قىلغانغا ئوخشاش.

▲ يالغۇز دەرەخكە ئاسانلا بوران تېگىدۇ.

▲ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۈرۈمسىزى، ئەرگە ئوخشىمايدىغان ئەر، ئايالغا ئوخشىمايدىغان ئايالدۇر.

▲ ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىرى گۈزەل ئەخلاقنى كىشىلىك تۇرمۇش مىزانى قىلسا، ئېپلاسلار يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىقنى كىشىلىك تۇرمۇش مىزانى قىلىدۇ.

▲ نەپسانىيەتچى ئادەمنىڭ ھەققەت مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

▲ دۈشكەللەپ قويمىسا ھۆرمەتنى بىلمەيدىغان ئادەم، باشقىلارنىڭ تىل - ھاقارىتىنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمدۇر.

▲ نەتىجىنىڭ تېگى - تەكتى سۈرۈشتۈرۈلمىگەن بىلەن، خاتالىقنىڭ تېگى - تەكتى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

▲ ئائىلە، ۋەتەن ئۇقۇمى بولمىغان يۈرەكتە پىداكارلىق ئۇقۇمى ئەسلا مەۋجۇت بولمايدۇ.

▲ سۈكۈت بىلەن غەپلەتنىڭ پەرقى شۇكى، سۈكۈت تەييارلىق ئىچىدە، غەپلەت بىپەرۋالىق ئىچىدە بولىدۇ.

▲ ئادەم قانچە ئۇمىدۋار بولغانسېرى، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىغا شۇنچە ئالدىرايدۇ.

▲ ئادەتتىكى ھەرىلەر بىلەن ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ پەرقى، بىرى پاكىز يەرلەرگە قونىدۇ ھەم پاك نەرسىلەرنى يەيدۇ، يەنە بىرى خالىغان يەرلەرگە قونىدۇ، خالىغان نەر-

سىلەرنى تېتىپ باقىدۇ.

▲ بىرەر ئىشنى بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇۋېتىش بۇزغۇنچىلىق، بەلگىلىگەن ئۆلچەمگە يەتكۈزمەسلىك بوشاڭلىق بولىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاپ كۆنۈپ قالغانلارنىڭ روھىي ھالىتى ئەڭ مۇرەككەپ ھەم ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، بۇنداقلارنىڭ مۇستەھكەم مەيدانى بولمايدۇ.

▲ ئەخلەت كىتابلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يېرى شۇكى، پاك ئىدىيەڭنى مەينەت قىلىدۇ.

▲ نىشانسىز ياكى مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغان ئادەمنىڭ ئېزىقىشى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ بىر - بىرىگە توغرىنى تەۋسىيە قىلىدىغان ئادەملەر جەمئىيەتتىكى ئەڭ ياخشى ئادەملەردۇر.

▲ ئېپلاس ئادەملەر ھەققەتنى ئۆز مەنپەئەتى ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ.

▲ قائىدە - تۈزۈم مەۋجۇت بولمىسا، كوللېكتىپمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ.

▲ ئۆزلۈك ئېڭى تۆۋەن ئادەملەرنىڭ مېھىر - مۇھەببەت ئېڭىمۇ تۆۋەن بولىدۇ.

▲ ساختا پەن - تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەن - تېخنىكىنى پاخاللاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

▲ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش شەخسىيەتچىلىك ئەمەس، بەلكى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش شەخسىيەتچىلىكتۇر.

▲ يالغانچىلىقنىڭ ھالاكىتى، ساختىلىقنىڭ پالاكىتى ئەڭ كۆپ بولىدۇ.

▲ كاززاپلىق دەل تىلى بىلەن ئېتىراپ قىلىپ، دىلى بىلەن ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر.

▲ بالاڭنىڭ ئاۋۋال ۋاپادار بولۇشى، ئاندىن ئىلىملىك بولۇشى ئۈچۈن تەربىيە قىل.

▲ دۇرۇس نىيەتلىك ئادەملەر، دەل ھالال - ھارامنى ئەڭ كۆپ ئىلغا قىلىدىغان ئادەملەردۇر.

▲ ساپ نىيەت ۋە ھالال تەر ھەر ۋاقىت قەلبىڭنى پاكلاپ ماڭىدۇ. تەر تۆكۈپ ياشاشنى ئادەت قىلساڭ ھارامغا قول ئۇزارتىشتىن يۈرىكىڭ قورقىدۇ.

▲ توغرا سۆزلەپ تۇرۇپ، يامان ئىش قىلىشتىن ئۇيالماسلىق ئەڭ چوڭ يالغانچىلىقتۇر.

▲ چالا تىزىپ يەنە بىر ۋابا دېمەكتۇر.

▲ ھەقىقىي خورلۇق مەسئۇلىيەتسىز، ئىقتىدارسىز، نەپسانىيەتچى ئادەملەرنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشتۇر.

▲ ئادەمنىڭ غۇرۇرى ھالال ئەجىر - مېھنىتى ۋە قان - تەرى بىلەن ئەڭ ياخشى پاكلىنىدۇ.

▲ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ھەيۋە ۋە كۈچ بىلەن بولسا، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئەقىل، تەدبىر ھەم ئادىللىق بىلەن بولىدۇ.

▲ ۋىجدان راستچىللىقنىڭ يىلتىزى، راستچىللىق ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ ئانىسى.

▲ ئەستايىدىل ئادەم ھەرقانداق ئىشنى «ئۆزۈمنىڭ ئىشى» دەپ مۇئامىلە قىلىدۇ.

▲ «بالايى - قازا»، «نېمە كارىم» دېگەن گەپلەر قەيەرگە بارسا، شۇ يەرگە ئەگىشىپ بارىدۇ.

▲ يېلىنىپ ئالغان نەرسەڭ ھامان يېرىم بولىدۇ.

▲ مال - دۇنيانى ئىنسانغا «دۈشمەن» دېيىشكە توغرا كەلسە، دەل ئەجىرسىز كەلگەن مال - دۇنيا ئىنساننىڭ دۈشمىنىدۇر.

▲ ئادەمنىڭ قەلبىدىكى كۆپ گۇمان، قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولىدۇ.

▲ ھالال تاپقان ۋە ھالال يوللارغا سەرپ قىلغان مال - دۇنيادىن ساڭا ھەر ۋاقىت دوستلۇق، ھارام تاپقان ۋە ھارام ئىشلارغا سەرپ قىلغان مال - دۇنيادىن ساڭا دۈشمەنلىك كېلىپ تۇرىدۇ.

▲ يۈزۈم يورۇق بولسۇن دېسەڭ، ئۆز ئىشىڭنى ئۆزۈڭ قىل.

▲ نىيىتىڭنىڭ ئەگرىلىكى بېشىڭغا شەيتان مىنگەنلىكىڭنىڭ دەللىلى.

▲ نامراتچىلىقتىن مەينەتچىلىك يامان.

▲ دوست - دۈشمەن قارىشى ئېنىق بولمىغان ئادەمنىڭ، مۇھەببەت - نەپرەت قارىشىمۇ، غايە - ئېتىقادى ۋە كۆرەش نىشانىمۇ ئېنىق بولمايدۇ.

▲ جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇپ ماڭغان ئادەمنىڭ ھالاكىتى ئەڭ ئېچىنىشلىق بولىدۇ.

▲ تۆلىگەن بەدەللىرىڭ كۆپ، ئەمما ئېرىشكەنلىرىڭ ئاز بولسا بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنمە، بۇ سەن ئۈچۈن پىشىپ يېتىلىدىغان ئەڭ ياخشى سىناق، بۇنداق سىناقلاردىن ئۆتەلىسەڭ ھامان بىر كۈنى بەخت ساڭا قۇچاق ئاچىدۇ؛ ئەكسىچە تۆلىگەن بەدەللىرىڭ ئاز، ئېرىشكىنىڭ كۆپ بولسا كۆرەڭلەپ كەتمە، بەخت - ئامەت سەندىن ھامان ئاستا - ئاستا كېتىپ قالىدۇ.

▲ مەنپەئەت دەپ يېنىڭغا كەلگەن ئادەمنىڭ، مەنپەئەت ئالالمىسا يېنىڭدىن كېتىپ قېلىشى ئېنىق.

▲ چالا قىلغان ئىشتا قورقۇش، چالا ئۆگەنگەن ھۈنەر - ئىلىمدە ھودۇقۇش كۆپ بولىدۇ.

▲ ئەگەر دوستۇڭ خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزلىسە سەن ئۈچۈن پايدىلىق، سەندىن ئىزلىسە سەن ئۈچۈن خەتەرلىك؛ ئەگەر دۈشمىنىڭ خاتالىقنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن ئىزلىسە سەن ئۈچۈن زىيانلىق، سەندىن ئىزلىسە، سەن ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بولىدۇ.

▲ كېسەل بەدەننىڭ مەلۇم ئەزالىرىدا بولغانغا ئوخشاش، يامان ئىللەتمۇ بىر پۈتۈن خەلقتە ئەمەس، بەلكى مەلۇم كىشىلەردە ساقلانغان بولىدۇ.

▲ ئوغرى - قاراقچىلاردا شېرىكلىك مەۋجۇت، ئەمما دوستلۇق مەۋجۇت ئەمەس.

▲ قابىل يېتەكچى قول - ئاستىدىكىلەرنىڭ ھەقىقىي پاسبانى.

▲ ئەخلەت ئادەملەردىن يىراق تۇرساڭ، مەنىۋىيىتىڭ پاكىز تۇرىدۇ.

▲ يامان ئىشلار ئۈستىدىكى دوستلۇق ئەڭ قىسقا دوستلۇق بولىدۇ.

▲ دىلى پاك ئادەملەر ھەقىقەتنى سوۋغا - سالامغا تېگىشمەيدۇ.

▲ ھاراق - شاراپتا دوست بولغانلار، بىر - بىرىنى قەستلەپ ئۆتىدىغانلار، غايە - ئېتىقادتا دوست بولغانلار بىر - بىرىنى ئەسلەپ ئۆتىدىغانلار.

▲ پەسكەشلەر ئىناۋىتىنى سېتىپ، مۇناپىقلار غۇرۇرىنى سېتىپ ياشايدىغانلاردۇر.

▲ بىر ئادەمنىڭ بىلىمى باشقىلارنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە ئىپادىلەنسە، غۇرۇر - ۋىجدانى ئۆزى ۋە ئۆز-

گىلەرگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

**مۇھەممەدجان ئابدۇغەنى**

---

ئاپتور: كۇما ناھىيەلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە، ئوفىتسېر

▲ چۈشۈڭدىن چۆچۈپ ئويغىنىشىڭ سېنىڭ ھەرۋاقىت سەگەك تۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بىشارەت.

▲ ئادەم مېھرىبانلىق يولىدا تۇغۇلۇپ، ئۆسمۈرلۈك يولىدا چوڭ بولۇپ، ياشلىق يولىدا ھاياتىي كۈچكە تولۇپ، جەمئىيەت يولىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، تۇرمۇش يولىدا مۇكەممەللىشىپ، ئارمان يولىدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

**تۇرسۇن توختى**

---

ئاپتور: «ئەخمەتجان ئۇيغۇر تېبابەت ئامبولاتورىيەسى»دە، دوختۇر

▲ قىسمەن ياشلىرىمىزدىكى ئومۇمىيۈزلۈك قاراش: ئۆتمۈش زېرىكىشلىك، كەلگۈسى نامەلۇم. دېمەك، ئۇلار ئۆتمۈشىدىن يەكۈن چىقارمىغان، كەلگۈسىگە ئۇل سالمىغان.

▲ ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا زەردارلارغا ئايلىنالىشىدىكى سەۋەب بولسا، ئۇلار باشقىلار بېرەلمەيدىغان قۇربانلىقلارنى بېرەلىگەن، باشقىلار بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەن.

**ئابدۇكېرىم ئەسئەت**

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىدا

## تەپەككۇر تىنىقلىرى

▲ بۇ دۇنيادا گۈزەللىك كەمچىل ئەمەس، بەلكى گۈزەللىكنى بايقايدىغان كۆزلەر كەمچىل.

▲ ئادەمنى چوڭ قىلىدىغىنى ۋاقىت ئەمەس، سەرگۈزەشتە.

▲ بىر تۈپ دەرەخ ئورمانلىقتا ئۆسسە ئادەتتىكى بىر تۈپ دەرەخ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ چۆلدە ئۆسسە يۈكسەك قەدىر قىممەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ.

▲ ۋاقىت دېگەن قىلىچتۇر. سەن ئۇنى «كەسمەسەڭ» ئۇ سېنى كېسىدۇ.

▲ بىراۋغا زۇلۇم قىلغانلىق ماھىيەت جەھەتتە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ.

▲ ياخشى تەربىيەلەنمىگەن پەرزەنت ئوشۇق ئۆسكەن بارماققا ئوخشايدۇ. كەسسەڭ ئاغرىيدۇ، كەسمەسەڭ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

▲ ئىنسان ھاياتى نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەردىن تۈزۈلگەن بىر ئۇزۇن تەسۋى. ئۇمىدۋار كىشىلەر ئۇنى كۈلۈپ تۇرۇپ ساناپ تۈگىتەلەيدۇ.

**نۇرمۇھەممەدجان مامۇت ياركەندى**

---

ئاپتور: خوتەن شەھەر «ئۇدۇن ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى»دا، دوختۇر

## ھەقىقەت چاچقۇلىرى

▲ شىرلارنىڭ باتۇرلۇقى يوقالغان تاغنىڭ تۆۋەندىكى ئارال ـ جىلغىلاردا ياۋايى يولۋاس، تۈلكە؛ ئەرلەرنىڭ سەزگۈرلۈكى يوقالغان ئەلدە ئايال ـ قىزلاردا ھاۋايى ـ ھەۋەس، كۈلكە كۆپ بولىدۇ.

▲ موللامنىڭ ئىناۋىتىنى مەھەللىنىڭ زەللىسى، پالۋاننىڭ جاسارىتىنى سەتەڭنىڭ ھىيلىسى يوقاتقان.

▲ ئۇخلىغان شىرنىڭ بۇرنىدا چۈشىن، مۈگدىگەن ئەلنىڭ ئىچىدە ھۇرۇن كۆپتۇر.

▲ چۈشىن، پاشىلار مەينەت ئۈستىدە، ھۇرۇن ـ غالىپلار لەنەت ئىچىدە ياشىغۇچىلاردۇر.

▲ ئاتاڭنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرسەڭ، كاساڭغا ئۇرۇلغان تاياق دەردىدە تولغۇنۇپ، ئاۋامنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرسەڭ بېشىڭغا ئېتىلغان ئاياغ تەكتىدە كۆمۈلۈپ يىغلايسەن.

▲ بىر ئېغىلدىكى ھايۋاننىڭ شاتىرىقى بارلىق ھايۋانغا، بىر ئەلدىكى بىر نادانىنىڭ چاتىقى بارلىق ئاۋامغا يۇقار.

▲ تاغ تېشىنى دومىلاتقان شامال بىلەن قويۇن،
يۇرت بېشىنى غۇلاتقان ئايال بىلەن سورۇن.

▲ تىكەندىن قورققانلارنىڭ قولىدا گۈل بولماس،
جاپادىن قاچقانلارنىڭ يېنىدا پۇل بولماس.

www.uyghurkitap.com

▲ مەكتەپتە ئوقۇمىغان ئەرنىڭ نىيى، ھەيدەپ تېرىـ مىغان يەرنىڭ دېنى كەم بولىدۇ.

▲ يەرنىڭ قۇۋۋىتى بوغدايدىكى باشاقتىن، ئەرنىڭ ھۆرمىتى، ئايالدىكى ئەخلاقتىن مەلۇم.

**تۇردى ئالاۋۇش**

ئاپتور: كوچا ناھىيە خانقىتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان

## ھاياتتىكى سەگەك قەلبلەر

▲ جاھاندىكى ئىشلار تەقدىرگە تەئەللۇقتۇر ۋە لېكىن ئۇنىڭمۇ تەدبىرى باردۇر.

▲ بايلىقتا ئۆزىنى يۇقىرىدىكىلەرگە سېلىشتۇرىدىغان، بىلىمدە ئۆزىنى تۆۋەندىكىلەرگە سېلىشتۇرىدىغانلار مەڭگۈ غەپلەتتە تۇرغان بولىدۇ.

▲ بۇلبۇل خالىغان گۈلگە قونالايدۇ، لېكىن گۈل خالىغان بۇلبۇلنى ئۆزىگە قوندۇرالمايدۇ.

▲ گۈلنى قولدا تۇتۇپ پۇراۋاتقانلارغا قارىغاندا، يىراقتىن ھوزۇر ئېلىۋاتقانلارغا بەكرەك گۈزەل ھەم خۇشـ پۇراق بىلىنىدۇ.

▲ ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان ئادەم ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان ئادەم ئۆزىنى باشقۇرالايدۇ.

**نۇرمۇھەممەدجان مامۇت ياركەندى**

ئاپتور: خوتەن شەھەر «ئۇدۇن ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى»دا، دوختۇر

▲ ھاياتلىق گويا بىر تۇپ مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇ مېھىر - مۇھەببەت ئىچىگە يىلتىز تارتىپ، بىلىم شەربىتىدە سۇغۇرۇلۇپ، ئېتىقاد تالقانلىرىدا ئوزۇقلىنىپ، دوستلۇق غولىدا قەد كۆتۈرۈپ، ئەخلاق لىباسىدا ھۆسن تۈزۈپ، ئىناقلىق شاخلىرىدا چېچەكلەپ، تىنچلىق ئىچىدە مېۋە بېرىدۇ.

**مۇھەممەدئىمىن ھەسەن**

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە «شادلىق دوختۇرخانىسى»دىن

## نەپەس ھاسىلاتلىرى

▲ ھەسەت — بىر كىشىنىڭ راھىتى ئۈچۈن يەنە بىر كىشى تۇغالماي ئازابلىنىدىغان ئاچچىق تولغاق.

▲ سېنىڭ ئازابىڭ ھەسەت ئۈچۈن ئەمەس، مەقسەت ئۈچۈن، دۇرۇس ياشاش ئۈچۈن بولسۇن.

▲ ئاتىنىڭ سۆزى — بالىنىڭ كۆزى. بالا پەقەت ئاتىنىڭ سۆزى ئارقىلىقلا يىراقنى كۆرەلەيدۇ.

▲ غەزەپ - مەنپەئەت توقۇنۇشىنىڭ ئاچچىق نالىسى.

▲ قارا يۈزنىڭ ماھىيىتى بىر ئۆمۈر ئۆزىنى نىقاپلاش ئارقىلىق، باشقىلارنىڭ كەينىدىن پىچاق ئۇرۇش.

▲ يول كۆپ بولسا ئارىلىق يېقىن بولۇر.

▲ نەپسانىيەتچىنىڭ قارنى توق بولسىمۇ، كۆزى ئاچ، روھى قۇرغاق بولىدۇ.

▲ ئەسكى چاپانمۇ ياخشى پۇرسەت ئارقىلىقلا كۆمۈش تونغا ئايلىنىدۇ.

▲ پۇرسەت — ھاياتقا زىننەت.

**ناسىر ئابلىز توغان**

ئاپتور: قومۇل شەھەرلىك لياۋيى مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى

## ھېكمەت ئۈنچىلىرى

▲ ياخشىلارغا زۇلۇم قىلغانلىق ئۆزىگە بىر كىشىلىك دوزاخ تەييارلىغانلىق.

▲ مەن ئۆزۈمنىڭ مۇكەممەل ئادەم بولۇشۇمغا ئىشەنمىسەممۇ، لېكىن مۇكەممەل ئادەم بولۇشقا ئىنتىلىمەن. مانا بۇ مېنىڭ روھىيىتىمدىكى ئاكتىپ ھالەت.

▲ تالانت تىرىشچانلىقتىن گۈللىنىدۇ، ھورۇنلۇقتىن زاۋال تاپىدۇ.

▲ ئورۇنسىز قاقشاش مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدىغان ھەسرەتلىك سىمفونىيە.

▲ ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ يادروسى ئۆزىگە ئىشىنىش.

▲ باشقىلارنىڭ ئالدىدا لاپ ئۇرۇش ئۆزىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى چۈشۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ئەكبەرجان ھۈسەيىن**

ئاپتور: شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ 2012 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تۇرمۇش تەسىراتلىرى

▲ ھەسەتخورلۇق تەگسىز ھاڭغا ئوخشايدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىكەن، ھالاك بولماي قالمايدۇ.

▲ كىتابنى ئوقۇپ پىكىر يۈرگۈزمەي، پەقەت ساقلاپ قويۇش بىلىمدانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

▲ خەلق ئۈچۈن ئىشلىمىگەن ئەمەلدار، ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم ھېچكىمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

▲ دانالار ئېيتىدۇ: ــ ئىزدىنىشتىن توختىما. گاھى چاغلاردا بىر مىنۇت ئىزدىنىشتىن توختىساڭ، بىر يىل ھەتتاكى بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قېلىشىڭ مۇمكىن.

▲ ھەقىقىي ئەركەكنىڭ لەۋزىدىن چىققان ھەر بىر ئېغىز سۆز ۋەدە ـ قەسەمدۇر، ۋەدىسىدە ۋاپا يوق ئەرلەرنىڭ كۆپىيىشى ئايالالارنىڭ ئەركەكلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

▲ ئۆتمۈشنى خۇلاسىلاپ ئىبرەت ئالغاندا، بۈگۈننى قەدىرلەپ قىينچىلىقنى يەڭگەندە، كەلگۈسىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلغاندىلا، مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە يەتكىلى بولىدۇ.

▲ ئادەمدە يۈكسەك ئەقىدە ـ ئېتىقاد، ھاياتقا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ياخشى ـ يامانىنى ئايرىيالايدىغان ئەقىل، دۇنيانى كۆزىتەلەيدىغان تەپەككۇر كۆزى بولۇشى كېرەك.

▲ ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋاقتى تولىمۇ چەكلىك، بىر ئادەمنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ھەممە تەرەپلەرگە تەڭ ماسلىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. شۇڭا ھەربىر مىنۇت ۋاقتىمىزنى ئۆزىمىز ئەڭ قاملاشتۇرالايدىغان ئىشقا سەرپ قىلغىنىمىز ئەڭ ئاقىلانە تاللاشتۇر.

▲ ھۇرۇنلۇق ۋە قۇرۇق خام خىيال تۇرمۇشتىكى ئەڭ رەھىمسىز قاتىل.

▲ پۇل تېپىش مۇھىم. ئەمما، ئۇ ھالاللىقنى مىزان قىلغان، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا بويسۇنغان ئاساستا بولۇشى كېرەك. كىمكى ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ باشقىلارنى ئويلاپ قويمىسا، ھەرقانداق ئىشتا ھالاللىق، توغرىلىقنى دوست تۇتمىسا، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا بويسۇنمىسا، ھامان بىر كۈنى جاجىسىنى يېمەي قالمايدۇ.

باشقىلارغا قىلغانلىرى ھەسسىلەپ ئۆزىگە يانماي قالمايدۇ.

▲ ۋاقىت ئادەمنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى بىردىنبىر قىممەتلىك بايلىق.

▲ ئادەم ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىمىسە، باشقىلار ئەسلا قەدىرلىمەيدۇ.

▲ روھىي جەھەتتىكى توسالغۇلارنى يېڭەلمىگەن ئادەم بەكلا جۈرئەتسىز بولىدۇ.

▲ ھەرقانچە مۇستەقىل ئادەممۇ ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ، ئادەم بەزى ۋاقىتلاردا ئەتراپىدىكىلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

▲ ئەپۇچانلىق ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەت جۈملىسىدىندۇر. ئالىيجاناب كىشىلەر ھەرۋاقىت، ھەرقانداق ئورۇن ۋە ھەرقانداق ئىشتا ئەپۇچانلىقنى ئۆزىگە دوست تۇتىدۇ. باشقىلار ئەرزىيەت يەتكۈزگەندە قارشى تەرەپكە قارشىلىق كۆرسىتىشكە قادىر تۇرۇپمۇ، ئۆچ ئالماستىن كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن باشقىلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ. كۆڭۈللەردىكى كىرلەرنى يۇيۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە خۇشال ـ خۇرام كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

▲ بۇ ھاياتلىقتا ھەر كىم ئۆزى تاللىغان يولدا ماڭىدۇ، ئادەم تاللىغان يولىنىڭ قانداقلىقىغا قاراپ ھەرخىل قىسمەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئۆزىگە ئىشىنىش غەلبىنىڭ ئانىسى.

▲ ياخشىدىن يامانلىق كۈتمە، ياماندىن ياخشىلىق.

▲ ھايۋانغا سەت قىلىق يارىشىدۇ، ئادەمگە ئادىمىيلىك.

▲ ئاندىن گۈزەل باغ يوق، ئاتىدىن ئېگىز تاغ يوق.

www.uyghurkitap.com

▲ ۋاپادار دوست ۋاپاسىز قېرىنداشتىن ياخشى.

▲ قىزى بار قىزنىڭ قەدرىگە يەتسۇن، ئوغلى بار ئوغلىنىڭ قەدرىگە يەتسۇن.

▲ يامان بىلەن مىڭ يىل ياشىغۇچە، ياخشى بىلەن بىر كۈن ياشا.

**ھۆرىيەت ئەھەت**

▲ ئالما دەرەخنى مېۋىسىدىن تونۇ، بىلىملىكنى بىلىم ھەم پەزىلىتىدىن.

**مېھرىۋانگۈل ئەخمەت**

▲ سېنى توغرا يوللارغا باشلىغان كىشىنى ئەڭ يېقىن- لىرىڭدىنمۇ يېقىن بىل.

**تاجىگۈل ياسىن**

▲ خاتالىقنى ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ گۇناھىدىن، شۇ خاتالىقنى كۆرۈپ تەربىيە قىلمىغان ئادەمنىڭ گۇناھى ئېغىر.

**مۇكەررەم قادىر**

▲ ئۆزگىنى ئۆزگىگە سېلىشتۇرما، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ- گە سېلىشتۇر.

▲ ئاتا - ئانىدا بالىغا بولغان مېھىر - مۇھەببەت بولسا، بالىدا ئاتا - ئانىغا بولغان ھۆرمەت بولىدۇ.

▲ ئاتا - ئانا بالىغا ئىگىدار، بالا ئاتا - ئانىغا قەرزدار.

ئاتا - ئانا ئۆگىتەر نېمىنى، بالا ئۆگىنەر شۇنى.

**مۇساجان ياسىن**

▲ ئاتا - ئاناڭ نەسىھەت قىلغاندا ئۇلارنىڭ نەسىھىتىنى ئەقىل قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلا.

▲ كىشى ھەرقانچە باي بولسىمۇ ئەھلى - ئىلىملىك، ئەدەب - ئەخلاقلىق، شەرمى - ھايالىق بولمىسا بىكار.

**گۈلجەننەت كېرەم**

▲ ھايۋانغا ھەلەپ كېرەك، ئادەمگە ئەدەب كېرەك.

**قەيسەر تۇنىياز**

▲ سېنى ھەرۋاقىت ۋاي دېگەنلەرنى دوستۇم دەپ ئويلاپ قالما. چۈنكى ئىتمۇ ئەركىلەپ تۇرۇپ ئادەم چىشلەيدۇ ئەمەسمۇ.

▲ ئالدىڭدىن پىچاق ئۇرغانلاردىن، ئارقاڭدىن پىچاق ئۇرغانلارنىڭ خەۋپى ھەممىدىن ياماندۇر.

**ئارزۇگۈل ئېزىز**

▲ ئاناڭ باردا گۈل تېرىۋال، ئاتاڭ باردا مال بېقىۋال.

▲ قوي يۇڭىدا كىگىز ئەت، ئەسكى تۆمۈردە بىگىز ئەت.

**ئاينۇر توختى**

▲ خالاپ بەرسەڭ بەرىكەت ياغار، مىننەت قىلساڭ ئاپەت ياغار.

**بۇھەجەر ھەسەن**

▲ ھەسەتخورلۇق چىرايلىق كۆزئەينەككە چۈشۈرۈل- گەن ياماق.

▲ نەپس تىكلىگەن كىيىمنىڭ ئۆز بەدىنىڭگە ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردۈڭمۇ ؟

**گۈلمىرە سەمەت**

▲ سېخى بول، لېكىن، ئىسراپخور بولما.

**ئىززەتگۈل سۇلتان**

▲ ئاتقا قويرۇق يارىشىپتۇ، ئاياللارغا ئۇزۇن چاچ.

**روشەنگۈل توختى**

▲ ئۈچ كۆر يامانلارنى، خار كۆرمە ئاجىزلارنى.

▲ ئوچۇق مىجەز بىر خۇيلۇق، ئىچ مىجەز كۆپ خۇيلۇق.

▲ دۈشمەن ئالدىدا دەرت ئېيتما، دوستۇڭ ئالدىدا ھال تارتما.

▲ يامان بولماق ئاساندۇر كىشى ئارا، ياخشى بولماق قىيىندۇر ئۆزلەر ئارا.

▲ چوڭ يولدىن چىقىپ كەتمە، تار يولغا كىرىپ كەتمە.

▲ دەۋاگەر سۆز قىلغۇچە، ھېلىگەر ئالدىن سۆزلەپتۇ.

**گۈلمىرە داموللا**

▲ ئالدىدىكى خۇشاللىقتىن، كەينىدىكى ئازاب يامان.

**شىرئەلى بىلال**

---

ئاپتورلار: كۇچا ناھىيە ئىشخىلا ئوتتۇرا مەكتەپ مەشئەل سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرى

## ئوچۇق تەپەككۇرلار

▲ تەپەككۇر بوشلۇقى بولمىغان ئادەم، كېمىسى يوق بېلىقچىغا ئوخشايدۇ.

▲ ئازابنى ھېس قىلمىغان ئادەم، بەختنىڭ نېمىلىكىنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

▲ سەۋر قىل، لېكىن سەۋر ـ تاقەتنىڭ چېكى بولسۇن.

**ئابدۇغوپۇر ئۆمەر (مەرگەن)**

---

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومىدىن

▲ ئات ھارۋىسىغا ئىشەك قاتساڭ ھارۋىنىڭ خاسلىقى ۋە سۈپىتى بۇزۇلىدۇ.

▲ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قىممەت قارىشى ۋە ئەركىن مەيدانى يوق ئوقۇتقۇچى، مەنىۋىيىتى مېيىپ بىر تورتكۈم زىيالىيلارنى تەربىيەلەپ چىقىدۇ.

**روزىمەمەت نىزام**

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە يېڭىئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى

▲ بۈگۈنكى جەمئىيەت «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى»نى «ئادەم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى»گە ئۆزگەرتىشكە بەكمۇ تەقەززا بولۇۋاتىدۇ.

▲ قانۇن ئادىل بولسا پۇقراغا قالقان، بولمىسا يۈرەك زەرداپ ـ قان.

▲ ۋىجدان ـ غۇرۇرۇڭنى ئەقىل تارازىسىدا ئەمەس، ئەخلاق تارازىسىدا ئۆلچەپ باققىن.

▲ ئاتا — ئەقىل ـ پاراسەت، ئانا — ئەخلاق ـ پەزىلەت.

▲ ئىنساننىڭ جىسمى تارازىدا، روھىيىتى ئادىمىيلىكتە ئۆلچىنىدۇ.

▲ قەلب ئېتىزىنى پەزىلەت سۈيىدە سۇغۇرۇپ، ساخاۋەت كۆچىتىنى تىكسە، ئىللىقلىق چېچەك ئېچىپ، مېھىر ـ مۇھەببەت مېۋىسى كۆپلەپ ھوسۇل بېرىدۇ.

**ئۆمەرجان ئابدۇللا**

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا

▲ ھايات چوڭ بىر ئىمتىھان مەيدانى، ئۇ بىزنى يۈز تۈرانە ھالدا ئەمەلىي پائالىيىتىمىز بىلەن جاۋاب بېرىشكە قىستايدۇ.

▲ قىسمەت تاشلىغان قاتتىق سوراقنىڭ كارايىتى چاغلىق. ھاياتتا ۋىجدانىڭنىڭ ئاچچىق سورىقى ئالدىدا ئەلاجىسىزلىقتىن غال ـ غال تىترىمىگۈدەك ياشىغىن.

▲ سەن ئاللىبۇرۇن تەگسىز بىر دېڭىزغا تاشلاندىڭ. سەن ئۈچۈن ئۇنىڭغا غەرق بولۇشنى ساقلاشتىن، غۇلاچلىرىڭنى كەڭ ئېچىپ زۇمرەت ئارىلغا قاراپ ئۈزگىنىڭ مىڭ ئەلا.

▲ ئاغرىنىش — ئاجىزلىقتىن؛ تىرىشىش — كۈچلۈكلۈكتىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ قەلب كۆزۈڭ ھايات ھەقىقىتىنىڭ يارقىن سىماسىنى كۆزەتكۈچى كۆزنەككە ئايلانمىغۇچە سەن ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى قىسلچاقتا قىينالغىنىڭ قىينالغان.

▲ دۇنيادا ئۆزىنى ـ ئۆزى ئالداشتىنمۇ ئارتۇق قاباھەت بولمايدۇ.

▲ سەن كۆڭلۈڭنى بەرگەن كىشى تەرىپىدىن داغدا

قالدۇرۇلغانلىقىغا ئىچىنماي، كۆڭۈل بېرىشكە تېگىشلىك كىشىنى تاپالمىغان قارىغۇ ۋە تۇترۇقسىز كۆڭۈلۈكلەردىن ئاغرىنغىن.

▲ سەن بىر سەپەرچى، دۇنيا — گاھ سېنى ئىللىق خانىسىگە باشلايدىغان، گاھ داستىخان ئۈستىدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان ساھىبخان.

▲ بىلىم يامغۇرىغا ئايلىنىپ يەر يۈزىگە چۈشسە، دەشت-چۆللەر دىلنى سۆيۈندۈرىدىغان ياپيېشىل بوستانلىققا ئايلىنىدۇ.

▲ مەغلۇپ بولۇشقا بولىدۇ. لېكىن، مەغلۇبىيەت يەنە قىتقان جايىدىن دەس تۇرۇپ، نىشانغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەسلىككە قەتئىي بولمايدۇ.

▲ جىسمانىيەتنىڭ راكىدىن، روھىيەتنىڭ زۇكمىمىڭ ھەسسە خەتەرلىك.

▲ دۇنيادا يول كۆپ، يولغا بېقىپ مەنزىلمۇ كۆپ؛ پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادچانلىقىڭىزغا تايىنىپ ئاچقان يوللا، سىزنى ئۆزىڭىزگە لايىق مەنزىلگە باشلىيالايدۇ.

▲ يىقىلىشتىن ئەنسىرىمەڭ، ئورنىڭىزدىن تۇرالماسلىقىڭىزدىن، ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈپ ماڭالماسلىقىڭىزدىنمۇ دىلغۇل بولماڭ. پەقەت ۋە پەقەت ئىرادىڭىزنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشىدىن قورقۇڭ.

**مۇھەممەد ھۈسەيىن روزىمەت**

---

ئاپتورى: گۇما ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ پوچىلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تىكەنگە سانجىلىپ قالغان پاشىدىن سورا.

▲ بۆرە ئادەمنى كۆرسە ئالدىغا ئېتىلىدۇ، تۈلكە ئادەمنى كۆرسە قۇيرۇق ئويىنىتىپ ئەركىلەيدۇ. ئېتىلغاندىن قۇيرۇق ئويناتقان يامان.

**ئابلەت قادىر**

---

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيە ئەگراس ئوتتۇرا مەكتەپتىن

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئۆتمۈشنى بىلمەسلىك نادانلىق، بۈگۈننى بىلمەسلىك ئەخمەقلىق، كەلگۈسىنى بىلمەسلىك ئۆلۈش دېمەكتۇر.

**ئابدۇرۇسۇل قۇربان**

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە بەشكەنت ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ جاپا جۈپ كېلىدۇ. ۋاپا يالغۇز.

▲ تەدبىر بىلەن قىلىنغان ئىش ياخشى ئىش، قەھر بىلەن قىلىنغان ئىش كالتە ئىش.

**ئابدۇقەييۇم ماڭسۇر**

---

ئاپتور: شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى 2010 - يىللىق ئېلېكترون ئۇچۇر سىنىپىدا، ئوقۇغۇچى

▲ ئوقۇتقۇچى ھەرگىز ناننى چايناپ ئاغزىڭىزغا سېلىپ بەرگۈچى ئەمەس، ئۇ پەقەت سىزگە قاتتىق ناننى يۇمشىتىپ بېرىدۇ.

▲ ئۆگىنىش — كەڭرى كەتكەن كۆپكۆك دېڭىزغا ئوخشايدۇ. دېڭىزنىڭ قارشى تەرىپىدە بىر مۇۋەپپەقىيەت قىرغىقى بار. ئوقۇتقۇچى سىزگە نىشانىڭىزنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ماياك.

▲ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ پۇشايمىنىم «بۈگۈن» دىن ئىبارەت بۇ ئالتۇن-تىللانى چىڭ تۇتالمىغىنىمدا.

▲ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ سېھرى كۈچى ئۇ-زىنىڭ مىللىي خاسلىقىدۇر.

**ياسىنجان نىياز**

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەر بىر كۈنىڭىزنى، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى كۈنۈم بولۇشى مۇمكىن دەپ ياشاڭ! شۇندىلا ھاياتىڭىزنى بەھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەيسىز.

▲ يالغاننىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق.

▲ بىر مىنۇتنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى (قەدرىنى) سەكراتقا چۈشكەندە، بىر قەدەمنىڭ قەدرىنى (زۆرۈرلۈكىنى) يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ھېس قىلىسىز.

▲ ئارقىغا سۈرۈلگەن ئىشنىڭ كۆپىنچىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

▲ قانچە ئىككىلەنسىڭىز قىينچىلىق شۇنچە كۆپىيىدۇ.

▲ بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ئورنىنى يۈز ئېغىز راست گەپ بىلەنمۇ تولدۇرالمايمىز.

**ئامانۇللا ھېزبۇللا**

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە جايتېرەك يېزا توگتاش كەنت 1 ـ مەھەللىدە

▲ كۆلۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا خۇشال دېمەگىن، بەلكىم ئۇنىڭ كۈلكىسىگە نۇرغۇن ئازاب يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

▲ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئورۇنسىز گەپ قىلما، بولمىسا سەنمۇ بىر كۈنلەردە ئورۇنسىز گەپنىڭ قۇربانى بولۇپ قالىسەن.

**مېھرىبان مەمەت**

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق (10) ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى نوپۇزلۇق كىشىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولىدۇ.

**ئابدۇۋەلى ئېلى**

ئاپتور: پىچان ناھىيە ج خ ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتى چىقتىم ئوتتۇرا ئەترىتىدە

▲ چىرايىدىن تەبەسسۇم قىلىش تولىمۇ ئاددىي، ئەمما چىن يۈرىكىدىن تەبەسسۇم قىلىش تولىمۇ مۈشكۈلدۇر.

**گۈلباھار مەخەت**

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك 23 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 12 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

**سۈبھىدىكى ئەنزۈكۈللەر**

▲ ئۆزۈڭگە بولغان ئىشەنچلىك تۈگىگەن ئىكەن، ئۇنداقتا نەتىجە قازىنىش ئىمكانىيەتلىرىڭمۇ تۈگىگەن بولىدۇ.

▲ بىلمەيدىغانلىرىڭنى بىلىۋېلىشقا تىرىشمىساڭ، بىلىدىغانلارنىڭ سايىسىدا مەڭگۈ ياشايسەن.

▲ گەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان يەردە جىم تۇرۇۋالساڭ، سېنى ھېچكىم گاچىكەن دېمەيدۇ.

▲ ھەسەت، ھامان ھەسرەت بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ.

**ئەركىن ئابدۇكېرىم تەنھا**

ئاپتور جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تورغات چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدا، ئوفىتسېر

▲ پېخسىق ئادەمنىڭ مېھمىنى بولماق تەس،
شەكلۋاز كەنتنىڭ دېھقىنى بولماق تەس.

▲ قەيەردە يەكلەنسە ئەدلى ـ ئادالەت،
شۇ جايغا يولىماس ئەقلىي كامالەت.

▲ يەكۈنسىز قېپقالسا تەجرىبە ـ ساۋاق،
بولغۇسى نېسۋەڭ ئاھانەت، تاياق.

▲ بوپقالساڭ ھەمىشە تەييارغا كۆنۈك،
ئەل ـ يۇرتنىڭ قەلبىدە ئوبرازىڭ خۇنۈك.

▲ بارارغا تويلىرىڭ، يانارغا ئۆيلىرىڭ، ھاياتلىق،
بېغىغا قوشقان يېقىملىق كۈيلىرىڭ بولسۇن.

▲ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش كەم بولغان قەۋم،
ياتلارغا قۇللۇققا جەم بولغان قەۋم.

▲ ئىلىمدىن قانائەت ھېس قىلغان قەلب،
بوپقالار ئۆزىچە ئۆزىگە رەقىب.

▲ شەكلۋاز دەستىدىن تۆلەنگەن بەدەل،
غاپىلغا بال ـ ھەسەل، ئاقىلغا ئەجەل...

**ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەربەت)**

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنت 143 ـ قورۇدا

# مويەن ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى

خالىدە ئىسرائىل



خېۋا يىراق بىر سەھرادا نامرات ئائىلىدە دۇنياغا
كەلگەن بالا بولۇپ، جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە قېقىلىپ ـ
سوقۇلۇپ چوڭ بولدۇ. ئۇ ھېچكىمنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ـ
نى تارتمايدۇ. ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. ئۇ با ـ
لىلىق تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ خىيالىي دۇنياسىدا ئۆزى بىلەن
ئۆزى ياشايدۇ...

بۇ 1984 ـ يىلى «جۇڭگو يازغۇچىلىرى» ژۇرنىلىدا
ئېلان قىلىنغان «سۈزۈك سەۋزە» ناملىق پوۋېستنىڭ ئاسا ـ
سىي مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى چىن، تەبىئىي ھېسسىيات،
ئەينەن، جانلىق تۇرمۇش تەسراتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ
يۈرەك تارىنى چېكىپلا قالماي، فىلىڭ مۇ قاتارلىق داڭلىق
يازغۇچىلارنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ ۋە بۇ ئەسەر
توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىدۇ. بۇ پوۋېستنىڭ
ئاپتورى 29 ياشلىق مويەن بولۇپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئا ـ
ساسىدا يازغان بۇ پوۋېستى ئۇنى ئەنە شۇنداق تونۇتقانى ـ
دى. 1980 ـ يىللاردا ئۇ يەنە ئۆز يۇرتى گاۋمى ناھىيەسىنى
بازا قىلىپ «قىزىل قوناقلىق»، «قىزىل قوناقلىق ھارىقى»،
«قىزىل قوناقلىقتىكى دەپنە» قاتارلىق بىر يۈرۈش پوۋېستـ ـ
لارنى، «قىزىل قوناقلىق جەمەتى» ناملىق رومانىنى ئارقا ـ
ئارقىدىن ئېلان قىلىپ زور تەسىر قوزغايدۇ. 1980 ـ يىللار ـ
نىڭ ئاخىرىدىن بۇ يىل نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنگە قەدەر
ئۇ «قىزىل قوناق جەمەتى»، «تولغان ساغرا»، «سەندەل
جازاسى»، «ھايات ـ ماماتلىق ھارغىنلىقى»، «جيۇگو(ھاراق
دۆلىتى) شەھىرى»، «پاقا» قاتارلىق ئون نەچچە رومان،
كۆپلىگەن پوۋېست، ھېكايە، نەسرلەرنى يازدۇ. ئۇنىڭ ئە ـ
سەرلىرى مەملىكەت ئىچىدە، شۇنداقلا شياڭگاڭ، تەيۋەن ـ
لەردە زور تەسىر قوزغاپ كۆپ خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشە ـ
دۇ. «پاقا» ناملىق رومانى 2011 ـ يىللىق «ماۋدۇن» ئە ـ
دەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى چەت ئەل ـ
لەردىمۇ شۆھرەت قازىنىپ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى 20
نەچچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىندۇ ھەم ياپونىيە، فىرانسىيە،
ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا
نائىل بولدۇ.

مويەن 1955 ـ يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ گاۋمى نا ـ
ھىيەسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدە يۇرتىدىكى باشلانغۇچ
مەكتەپتە ئوقۇغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە
ئائىلىسىدە ئەمگەك قىلغان. 1976 ـ يىلى ھەربىي بولغان ـ
دىن كېيىن، بەن باشلىقى، كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچى، ئوقۇت ـ
قۇچى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەن. 1986 ـ يىلى ئازاد ـ
لىق ئارمىيە سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى
پۈتكۈزگەن. 1991 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى
«لۇشۈن» ئەدەبىيات ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ما ـ
گىستىر ئاسپىرانتلىق سىنىپىدا ئوقۇپ ماگىستىر بولغان.

ئۇ 1981 ـ يىلدىن تارتىپ يېزا تۇرمۇشىغا ئائىت كۆپ ـ
لىگەن ھېكايە ، شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە
«يېزىنى سېغىنىش» ياكى «يېزىدىن ئاغرىنىش» ھېسسىياتى
ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «يىل ـ

ئەدەبىيات گۈلزارى

www.uyghurkitap.com

تىزنى ئىزدەش» تېپىدىكى ئەسەرلەر دەپ قارالغان. ئۇ 1987 ـ يىلىدىن كېيىن، ياپونىيە يازغۇچىسى كىنزابورو. ئوي، ئامېرىكا يازغۇچىسى فولكېرنىڭ، بولۇپمۇ كولومبىيە يازغۇچىسى ماركوسنىڭ سېھرىي رېئالىزملىق ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزگىچە سۇبيېكتىپ ھېسسىي دۇنيا يارىتىش، بايان ئۇسلۇبى كۆپ خىل، ئەركىن بولۇش، يوچۇنلاشتۇرۇش، رېئاللىقتىن ئۈستۈن، سىرلىق ئوبيېكت دۇنيا يارىتىش قاتارلىقلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ روشەن ئاۋانگارتلىق خاھىشنى ئىپادىلىگەن. خۇددى نوبېل ئەدەبىياتى باھالاش كومىتېتىدىكىلەر ئېيتقاندەك: مويەن سېھرىي رېئالىزمنى جۇڭگونىڭ ئەل ئىچى ھېكايىلىرى، تارىخى ۋە بۈگۈنكى رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋەقە ـ كۆرۈنۈشلەر رەڭدار، بايان ئۇسلۇبى كۆپ خىل، بەدىئىيلىك بىلەن چىنلىق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن قەيسەرلىك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. تىرىكچىلىك مۇشەققىتىگە چوڭقۇر پاتقان ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ گاڭگىراش ـ ئىزتىراپلىرى، ئارزۇ ـ ئارمان، ئىزدىنىشلىرى، ياتلاشقان بۇرمىلانغان، خۇنۇكلەشكەن رېئال ھالەتلىرى نامايان قىلىنىپلا قالماي، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق مۇھىتى تەھلىل قىلىنغان. بۇلاردىن يازغۇچىنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈشى چىقىپ تۇرىدۇ.

مو يەننىڭ ھەربىر ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئۆزگىچە ، مول، تەسەۋۋۇر كۈچى، ئىزدىنىشلىرى ۋە ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن. «قىزىل قوناقلىق جەمەتى» ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان رومان بولۇپ، ئۇنىڭدا «مەن»نىڭ بايانى ئارقىلىق ئۇنىڭ بوۋا، موما، ھامما... قاتارلىق ئەجدادلىرىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى باتۇرانە كۈرەشلىرى ھەم تىللاردا داستان بولغۇدەك تەسىرلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان جۇشقۇن ھاياتىي كۈچى تەسۋىرلىنىدۇ.

رومان ياپونغا قارشى ئۇرۇش سىياسىي ئىدېئولوگىيەدىن ھالقىپ ئەل ئىچى ھېكايىلىرى، ئاددىي خەلق نەزەرى ئاساسىدا بىۋاستە، ئەركىن ئىپادىلەنگەنلىكى بىلەن ئىلگىرىكى ئۇرۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. «سەندەل جازاسى» بىرىنچى شەخس ۋە ئۈچىنچى شەخس بايان شەكلى ئارىلاش قوللىنىلغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا شەندۇڭ يېرىم ئارىلىدا قوزغالغان خەلقنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. قوزغىلاڭنىڭ رەھبىرى ــ خەلق سەنئەتچىسى سۈن پىڭنىڭ «سەندەل جازاسى»غا ئۇچرىشى ئاساسىي يىپ قىلىنىپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھالاكەتكە يۈزلەنگەن مەزگىلىدىكى زور ۋەقەلەر ــ ۋۇشۇ قانۇن ئۆزگەرتىشى، سىشى تەيخۇنىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ قېچىپ كېتىشى، چەت ئەل مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭى ھەمدە فېئودال پادىشاھلىق ھوقۇقى ۋە ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ شەپقەتسىز، ئىنسانىيلىققا يات ئىكەنلىكى، مۇستەبىت ھوقۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قارا تۇپراق ۋە خۇنۇك قائىدە ـ تۈزۈملەر ئىنچىكە، جانلىق ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، روماندىكى بىر تۈركۈم تىرىك پېرسوناژلار ــ چاڭچىلە تىياتىرخانىسىنىڭ غوجايىنى سۈن پىڭ، ھەققانىيەت ئېڭىغا ئىگە ئەمەلدار چيەندىڭ، پايتەخت جازا مەھكىمىسىدىن ئارامغا چىقىپ يۇرتىغا قايتقان جاللات جاۋجيا، ھېيلىگەر، شەپقەتسىز سىياسەتچى يۈەن شىكەيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئارقىلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئەمەل مەدەنىيىتى، ئەل ئىچى مەدەنىيىتى ۋە جازا مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت يوشۇرۇن قاتلام ۋە مىللەتنىڭ پىسخىك ساپاسى تەھلىل قىلىنىدۇ. «جيۇگو(ھاراق دۆلىتى) شەھىرى» رومانى ھەققىدە مويەن: «بۇ مېنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئەسىرىم، مەن ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن» دېگەن. ئاپتورنى پەخىرلەندۈرىدىغان بۇ روماننىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق:

ئۆلكىلىك تەپتىشنىڭ ئالاھىدە تەپتىشى دىڭ گوئېر جيۇگو شەھىرىگە ئالاھىدە بىر دېلونى ــ بۇ شەھەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ سانسىزلىغان بوۋاقنى يەۋەتكەنلىك دېلوسىنى تەكشۈرۈشكە بارىدۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ھاراق ئىچمەسلىكنى جېكىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا مەست بولۇپ قېلىپ، ھاجەتخانىدا ئۆلۈپ قالىدۇ. بۇ شەھەردىكى ئەمەلدارلار ئىقتىدارى بىلەن ئەمەس، ھاراق ئىچەلەيدىغانلىقى ھەم ئىشتىيىنىڭ ئالاھىدە ياخشىلىقى بىلەن ئەمەلدار بولىدۇ. بۇ ئادەتتىكى چىرىكلىككە قارشى رومان ئەمەس. مو يەن بۇ شەھەردىكى ھاراق ئىنستىتۇتى ھاراق تەڭشەش كەسپىي دوكتور ئاسپىرانتى لى دۇيىۆنىڭ ئۈزۈكسىز ئۆزىگە ئەۋەتىپ تۇرىدىغان ھېكايىلىرى ئارقىلىق 20 ـ ئەسىردىكى «سەۋدائىي خاتىرىسى»دىن تارتىپ چامباش ھېكايىلىرى، سېھرىي رېئالىزملىق، مودېرنىزملىق ھېكايىلىرىغىچە بولغان بارلىق ھېكايىلەرنى تەقلىد قىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەردە مەنا ئۆزگىرىشچان، تۈرلۈك ئۇسلۇب ـ ئېقىملار يۇغۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئەسەر كىشىگە ئۆزگىچە زوق بەخش

ئېتىپلا قالماي، كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

«تولغان سافرا» مو يەننىڭ زور تەسىر قوزغىغان ۋە كۆپ خىل مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يەنە بىر ئەسىرى بولۇپ، روماندا ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ۋە ئۇلۇغ ئانىلىق تەسۋىرلەنگەن. ئانىنىڭ مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەر ئىچىدە سەككىز بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىشى ھەمدە بىردىنبىر ئوغلى جىنتۇڭنى ئەتىۋارلىشى بۇ ئالەمدە ھاياتلىقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكى، ئۇرۇقنىڭ كۆپىيىشى (جىنتۇڭنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەتىۋارلىنىشى)نىڭ تەڭداشسىز مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ھاياتلىقنىڭ نەسىل قالدۇرۇپ داۋاملىشىشى ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ مەنبەسى. ئالەمدە بارچە شەيئىلەر ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى تۈپەيلى ئۆز قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى نامايان قىلالايدۇ. ئادەمنىڭ تارىخىي سۇبيېكت ئىكەنلىكىلا ئەمەس، گۈزەللىكنىڭ سۇبيېكتى ۋە گۈزەللىكنىڭ داۋاملىشىشى ئىكەنلىكىمۇ مەدھىيەلىنىشى كېرەك. ھاياتلىق بولمىغان دۇنيادا گۈزەللىك بىلەن سەتلىك، پاكلىق بىلەن ئىپلاسلىق، رەزىللىك بىلەن ئالىيجانابلىق ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا «پالنامە»دە: «ئاسمانۇ - زېمىندىكى ئەڭ چوڭ پازىللىق — ھاياتلىقتۇر» دېيىلگەن. بۇ روماننىڭ چوڭقۇرلۇقى مانا مۇشۇ ئاددىي، ئەمما چوڭقۇر مەنىنى ئانىنىڭ پەرزەنتلىرىنى يېتەكلەپ قەيسەرلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش، ئۇرۇقنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت ھاياتلىق جەريانىغا سىڭدۈرۈۋەتكەنلىكىدە. كىشىلەرنىڭ ئانىغا چوقۇنۇشى، ئۇلۇغلىشى ھاياتقا بولغان ئاخىرقى تېۋىنىش ۋە سۆيگۈسىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. بىز روماندا يازغۇچىنىڭ ئانىلىق ئېڭى ياكى ئاياللىق ئېڭىنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. تارىخنى يارىتىش داۋامىدا ئەرلەر يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان بولسا، ھاياتلىقنى يارىتىش تارىخىدا يەنى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئانا يەنى ئاياللىق يېتەكچى ئورۇندا تۇرمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. روماندىكى جىنتۇڭنىڭ ئانا سۈتىگە خۇشتارلىقى يازغۇچى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئانىسىغا تارتىنىش روھىي ھالىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن.

روماننىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى ھاياتلىق جەريانىنى ئىپادىلەش، ھاياتلىق گەۋدىسىنى ۋە ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيەلەش، تارىخنى يورۇتۇش ۋە قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش. تارىخ پەقەتلا قوشۇمچە لىنىيە بولۇپ ئارقا تەرەپتىن ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. گاھىدا پېرسوناژلار تەقدىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. لېكىن ئەسەرنىڭ مەركىزىي تارىخنىڭ سۇب-

يېكتى بولغان ئادەم. بۇ رومان مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇ يازغۇچىنىڭ ھايات، ئانا، تارىخ ھەققىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشىنى، جەمئىيەت تارىخى ۋە دەۋر مەسىلىلىرىگە بولغان ئۆزگىچە، يېڭى ئىزدىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ھەجىم تۈپەيلى روماندا بەدىئىي جەھەتتىكى قىسمەن خاملىق، چېچىلاڭغۇلۇق، تىلدىكى يىرىكلىك، سېھرىي رېئاللىزملىق ئۇسۇللارنى تازا ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتەلمەسلىكتەك تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن. بىر چوڭ ئەسەرگە نىسبەتەن بۇ يېتەرسىزلىكلەر ئۇنىڭ ئومۇمىي قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

«ھايات - ماماتلىق ھارغىنلىقى» مويەننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى. بۇ روماننىڭ بايانچىسى يەر ئىسلاھاتى دەۋرىدە ئېتىۋېتىلگەن بىر پومېشچىك بولۇپ، ئۇ ئالەمگە بارغاندىن كېيىن: مەن باي بولغىنىم بىلەن گۇناھسىز ئىدىم، دەپ ئەرز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېشەك، كالا، ئىت، مايمۇن، ئادەم... بولۇپ بۇ دۇنياغا ئالتە قېتىم كېلىدۇ. ئاخىرىدا «يوغان باش ئوغۇل»غا ئايلىنىپ قايتىپ كېلىپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلايدۇ.

روماندا ئۇنىڭ تىلى ئارقىلىق، توغرىسى ھايۋانلارنىڭ تىلى ئارقىلىق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 60 يىلدا جۇڭگو يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ بايان خۇددى ئادەم بىلەن تۇپراق، ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، جاپا ۋە مېھىر - شەپقەتنىڭ ئەزىم دەرياسىدەك قەلبىمىزگە ئېقىپ كىرىدۇ. روماندا بۇددا دىنى ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتىدىكى «ھاياتلىقنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇش تەلىماتى» شەكلىدىن پايدىلانغان بولۇپ، ئاپتور رومانىنى كاللىسىدا تەپەككۇر قىلىپ پىشۇرۇۋالغاندىن كېيىن 43 كۈن ئىچىدىلا يېزىپ پۈتتۈرگەن. بۇ ھەقتە ئۇ: «مەن يېزىۋېتىپ كومپيۇتېرنى تاشلاپ، قولۇمغا قايتىدىن موي قەلەمنى ئالدىم. ئىجادىيەت ئىلھامى قەلىمىمنىڭ ئاستىدىن ئۇرغۇپ چىقىشقا باشلىدى» دەيدۇ.

روماننىڭ بايان شەكلى كونىچە بابلىق رومانلارنىڭ بايان شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، مويەن بۇ ئۇسۇلنى قەستەن قوللانمىغانلىقىنى، پەقەتلا بابلارنى پەرقلەندۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقان.

مو يەننىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدە تارىخىي خىيالىي ئۇسلۇب ئىپادىلەنگەن بولسا، «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن «پاقا» ناملىق روماندا تارىخىي رېئاللىققا بىرقەدەر يېقىن بولغان يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئارقىلىق يېڭى

www.uyghurkitap.com

جۇڭگو قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيانقى يېزا تۇغۇت تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. روماندىكى باش پېرسوناژ «ھاما» ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېزا دوختۇرى بولىدۇ. 50 ـ يىللاردا يېڭىچە ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇشنى يولغا قويۇپ كۆپلىگەن بوۋاقلارنى دۇنياغا كۆز ئاچتۇرىدۇ. «ھاما» تۇغدۇرغان بوۋاقلار گاۋمى ناھىيەسىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلايدۇ. «ھاما»نىڭ قولى ئارقىلىق ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان بوۋاقلارمۇ ناھىيەنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلايدۇ. «ھاما» بىر تەرەپتىن كېسەل داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرتلىرىنى باشلاپ «پىلانلىق تۇغۇت»نى ئىجرا قىلىدۇ. باللىق بولۇپ بولغان ئەرلەرنىڭ ئۇرۇقدىنىنى بوغدۇرىدۇ. ھامىلىدار ئاياللارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. دېمەك، روماندا يېزا دوختۇرىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق يېڭى جۇڭگونىڭ 60 يىللىق بوران ـ چاپقۇنلۇق تۇغۇت تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، دۆلەت نوپۇسىنىڭ شىددەت بىلەن ئېشىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يولغا قويغان «پىلانلىق تۇغۇت» سىياسىتى بېسىپ ئۆتكەن مۇشەققەتلىك، مۇرەككەپ تارىخىي جەريان تەسۋىرلىنىدۇ.

روماننىڭ قۇرۇلمىسى تۆت پارچە خەت بىلەن بىر دىراما ئەسەرنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىشىگە يېڭىچە تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ. بۇ خىل بايان شەكلى ئوبزورچىلار تەرىپىدىن «ھېكايىچىلىقنىڭ بايان مۇھىتىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن» دەپ تەرىپلەنگەن.

يۇقۇرىقىلاردىن باشقا مو يەننىڭ «شادلىق» ناملىق ئۈچ قىسىملىق پوۋېستلار توپلىمى، «ئاق ئىتنىڭ گۆلەنگۈچى»، «ئۇستام بارغانسېرى يۇمۇرلۇق بولۇپ كېتىۋاتىماقتا»، «چاڭئەن چوڭ كوچىسىدىكى ئېشەك مىنگەن ساھىبجامال» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېستلار توپلاملىرى، «ناخشا ئېيتالايدىغان تام»، «سۆزلە مويەن» ناملىق نەسرلەر توپلاملىرى بار. بۇ توپلاملاردىكى ئەسەرلەرمۇ ئۇسلۇبىنىڭ يارقىنلىقى، تەسەۋۋۇرىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. بەزى پوۋېستلار مەزمۇن ھەم ھەجىم جەھەتتىن رومانلاردىن قېلىشمايدۇ. بەزى ئوبزورچىلار «ئەگەر دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى بەش ھېكايە تاللانسا، ئۇنىڭ بىرى مويەننىڭ بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. دېمىسىمۇ، مو يەن ئەسەرلىرىنىڭ ھېكايە تۇسى قويۇق ، ئۇسلۇبى كۆپ خىل بولۇپ خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلاردا يېزىلاردىكى ئېچىنىشلىق رېئاللىق ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئېچىپ بېرىلگەنلىرىمۇ، ساپ، تەبىئىي مۇھەببەت ئىنتايىن تەسىرلىك ئېپادىلەنگەنلىرىمۇ، بىمەنە، غەلىتە ھەم رىۋايەت تۈسىگە ئىگە ھېكايىلەرمۇ بار. ئەلۋەتتە، مويەنمۇ ئاددىي بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تامامەن نۇقسانسىز ئەمەس. ئۇنىڭ شادلىق، «قىزىل چېكەتكە» قاتارلىق پوۋېستلىرى ئېلان قىلىنغاندا نۇرغۇن تەنقىدلەرگە ئۇچرىغان. (كېيىن بۇ ئوبزورلارغا قارشى پىكىردىكى ئوبزورلارمۇ ئېلان قىلىنغان). ئۇنىڭ بەزى رومانلىرى ھەددىدىن ئارتۇق كېلەڭسىزلىكتىن، چېچىلاڭغۇلۇقتىن ۋە قىسمەن خامىلىقتىن خالىي بولالمىغان. نوبېل ئەدەبىياتى باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەنزۇشۇناس مايۆرەن (خەنزۇچە ئىسمى) ئەپەندى: «مويەننىڭ ئەسەرلىرى بەك ئۇزۇن، ئۇ ئەسلىدە ئاشۇ ئەسەرلىرىنىڭ يېرىمىچىلىك ھەجىمدە يازغان بولسا، ئەسەرلىرى تېخىمۇ ياخشى چىققان بولاتتى» دېگەن.

مويەننىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىششى مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا زور تەسىر قوزغىدى. بەزى چەت ئەللىك يازغۇچىلار ۋە ئوبزورچىلار مويەننى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى ماركوس، فولكنىر، دىككىنس قاتارلىقلار بىلەن تەڭ ئورۇندا قويدى. جۇڭگولۇق داڭلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ: «مويەننىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى ياخشى ئىش. مويەن جۇڭگونىڭ بۇ بىر ئەۋلاد يازغۇچىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يازغۇچى. ئۇنىڭ بۇ مۇكاپاتقا ئېرىششى جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەتىجىلىرىنىڭ دۇنيانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى»، دېدى.

دەرۋەقە، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ــــ تېخى يېقىنقى يىللاردىلا جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئۈچۈن بىر شېرىن چۈش ئىدى. بۇ چۈشنىڭ رېئاللىققا ۋە يېنىدىكى ئىشقا ئايلىنىشى جۇڭگو يازغۇچىلىرىغا ئىلھام بولدى. شۈبھىسىزكى، مويەن بىلەن بىر دۆلەتتە، ئوخشاش تۈزۈم، ئوخشاش شارائىت ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىغىمۇ ئىلھام بولىدۇ. گەپ بەلنى مەھكەم باغلىغان، ئىزدىنىش روھىغا ۋە ئۆزىدىن ھالقىش جۈرئىتىگە ئىگە ئىقتىدارلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىلھامى، تەجرىبىسى ئاساسىدا ئۆزىگە خاس يولنى تاپالىشىدا. بۇ يول ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئايىقى ئاستىدا ئەمەس، بەلكى ئۆز تۇپرىقىمىزدا، كۆز ئالدىمىزدا.

---

ئاپتور: ئاتاقلىق يازغۇچى، شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى



ھەبىبە مۇھەممەد ئەيسا

# بوۋامنىڭ خورىزى

(ھېكايە)

چوڭلارنىڭ ئىشنى چوڭلار بىلمىسە مەن بىلىپ بو-
لالمىدىم، بىر ئوبدان بىز بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان بوۋام-
نىڭ يېزىغا قايتىپ كېتىشى ئائىلىمىزنىڭ كەيپىياتىغا كۆڭۈل-
سىزلىك ئېلىپ كەلدى. مانا دادام قاپىقىنى ئاچماي يۈرى-
دۇ، خۇددى بۇ ئىشلارغا بىز گۇناھكاردەك سىڭلىم ئىككى-
مىزمۇ ئۆيدە ئېچىلىپ-يېيىلىپ يۈرەلمەسلا بولدۇق. قا-
چانغىچە بۇنداق يۈرىمىزكىن تاڭ! شۇغىنىسى ئۆزۈممۇ
بوۋامنى بەك سېغىنىپ كەتتىم. مانا مەن تونۇمايدىغان،
ئىلگىرى يېزىدا بىللە ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھېكايىسىنى
قىلىپ بېرىدىغان، كىملەرنىڭدۇ قىزىق پاراڭلىرىنى
تەكرار-تەكرار سۆزلەپ ئولتۇرىدىغان بوۋام مەندەك
ئەڭ ئامراق نەۋرىسىگىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى. ھەم-
مىنى قىلغان ئاشۇ خوراز! ئەسكىلىكىنى دېمەيلا قوياي!

دادام باللارنىڭ چوڭى ئىدى. شۇڭا چوڭ بالا
بولۇش سۈپىتى بىلەن قالغان ئىنى-سىڭىللىرىغا ئۈلگە
بولۇپ ئاتا-ئانىسىغا بەك ۋاپادارلىق كۆرسىتەتتى، ماڭمۇ
دائىم ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ئى-
چىمدە «شۇ ماڭا دەرس ئۆتكىلىۋاتسەنغۇ دادا، چۈنكى
بۇگۈنكى مەن كەلگۈسىدىكى سەن، بۇگۈنكى سەن كەلگۈ-
سىدىكى بوۋام» دەپ ئويلايتتىم. مومام تۇگەپ كەتكەن-
دىن بېرى بوۋامنى بىزنىڭ ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكەلگەن-
دۇق. ھەممىمىز ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلاتتۇق، تاماق ۋاق-
تىدا ھەرگىز ئۇنىڭدىن بۇرۇن تاماققا قول سوزمايتتۇق.

داداممۇ ئۇ نېمە دېسە شۇنى قىلاتتى. ئاناممۇ بوۋامنىڭ تا-
مىقى ئېگىز-پەس بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئاتا-ئانىسىنىڭ-
كىگىمۇ بەك ئاز بارىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئەسلى ئا-
پامنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭكىگە ھەر قېتىم بارساق چوڭ دادام
پۇل بېرەتتى، ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرەتتى. بىراق ئامالىمىز
يوق يېزىدىن كەلگەن بوۋىمىزنىڭ ھېكايە-ئەسلىملىرىنى
ئاڭلاپ ئۇ ئىشلارمۇ ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى.
بوۋام «مەن ئىسراپچىلىققا بەك ئۆچ !» دەيتتى. بىزنىڭ
يەپ بولالمىغان تاماقلىرىمىزنى يەيمەن دەپ تۇرىۋالاتتى،
بوۋام يەنە يېزىدىن بىر خوراز، بەش مېكىيانىنى ئېلىپ
كېلىپ باقتى. كەلگەن ۋاقتىدا مۇشتۇمدەك بۇ چۈجىلەر
تېزلا چوڭ بولدى، بولۇپمۇ خوراز بەك يوغان ئىدى.
بىز مەكتەپكە كەتكەندە قىلغىلى ئىشى يوق بوۋام خوراز
بىلەن چىقىشىپ قالدىمۇ نېمە، تۇرۇپلا خورىزىنى ماخ-
تايدىغان بولۇپ كەتتى. ماختاش شۇنچىلىك ئەزۋەيلە-
نىپ كەتتىكى بوۋام يولدىن ئۆتكەن ناتونۇش كىشىلەر-
نىمۇ كاتەككە باشلاپ كىرىپ خورازنى كۆرسىتىپ چىقات-
تى، بۇ خورازنى گەپ قىلىدۇ دېمەيتتىيۇ، قالغاننىڭ ھەم-
مىسىنى دەيتتى.

— ئاۋازى شۇنچىلىك سازكى ئۇنىئالغۇغا ئېلىۋېلىپ
ئاڭلىغۇچىلىكى بار، سەھەر سائەت تۆتتە مەزىن بىلەن تەڭ
ئەل-مەھەللىنى ئويغىتىدىغان خوراز بۇ!

— راستىكەن، ئۆزىمۇ تۇرمامدۇ بىر قويدەك، ئاۋۇ

تاجىسىنىڭ ياراشقىنىنى دېمەمدىغان! ئادەم قورقۇدەك ھەيۋىسى باركەن بۇنىڭ.

— پەيلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىنى دېمەمسىلەر، قاراڭلار ئاۋۇ غادىيىپ مېڭىشلىرىنى، خورازدەكلا خورازكەن بۇ.

— يامان يېرى پەيلى بەك يامان، ھازىر باللارمۇ كاتەكنىڭ ئالدىغا بارالمايدۇ، ئۆزىنى ئاتىدۇ، خۇددى گۆشلىرىنى چوقۇلاپ بىردەمدىلا يەپ بولىدىغاندەك ئەلپازى بار. تۇخۇم ئالىمەن دەپ بارغان كىچىك نەۋرەمنىڭ قولىنى چوقۇپ بىر چىشلەم گۆشىنى ئۈزۈۋاپتۇ ئەمەسمۇ؟

— سەل خەتەرلىكمۇ قانداق؟ قارىغاندا بۇ خورازنى خوراز سوقۇشتۇرىدىغانلارغا سېتىپلا قۇتۇلسىلا بولغۇدەك.

— ۋۇي ما ئۇكامنىڭ گېپىنى، مۇشۇنداق ئەسلىگە تارتقان جىلك خورازنى ئاشۇنداق يوقاتقۇلۇقمۇ؟ مېكىيىنىنى، تۇخۇمنى قىزغانغىنى — ئۆز ئائىلىسىنى، خوتۇن-بالاۋاقىسىنى قوغدىغىنى ئەمەسمۇ؟ ئاشۇنداق جان پىدا ئەركەكلەر ئاز قالغان مۇشۇ كۈنلەردە بۇنداق خورازنى ھەرگىز يوقاتقۇلۇق ئەمەس.

— ئۇغۇ شۇ، بىراق ئالمادىس كىچىك باللارنىڭ كۆزى دىگەندەك يەرلەرنى چوقۇپ قالسا يامان بولغۇدەك.

— باللارغا نېمە بار ئۇنىڭ يېنىدا، يىراق يۈرسە بولمىدىمۇ؟ نېرىدىن قاراپ تۇرۇپ ئەركەك بولۇشنى ئۆگەنسۇن دەيمىنا!

بوۋامنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى پەقەت چۈشەنمەسەممۇ، ئەمما بۇ خورازدىن بەكلا قورقىدىغىنىم راست. كاتەكتە تۇرۇپ شۇنچە قىلىدۇ. ئەگەر چىقىپ كېتىپ قالسا قانداق بولاركىن-تاڭ؟...

دىگەندەك كۆز كۈنلىرى بوۋام دادامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئاپتاپلىنىۋالسۇن دەپ توخۇلارنى باغقا چىقىرىۋېتىپتۇ. خاپىلىق شۇنىڭدىن باشلاندى، بىز باغنىڭ بۇرجىكىگە جايلاشتۇرۇلغان ھاجەتخانىغا كىرەلمەسلا بولدۇق. دادام ئۆزى ئەكىرمىسە ھېچقايسىمىز كىرمەيتتۇق. ھەتتا دادامۇ يوغان تاياقنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ مۇدايىئە قىلاتتى. بوۋامنى يوقلاپ كىرگەن ھامما ئۇقۇشماستىن باغقا كىرىپ قىلىپ ئاللا-توۋا قىلىپ غال-غال تىترەپ قايتىپ چىقتى، ئۇنىڭ يولدىشى ۋاقتىدا كىرىپ خورازنى تازا كالتەكلىمىگەن بولسا ھامما ئۆلۈپ قالارمىدىكىن؟ دادامنىڭ كىچىك ئىنىسىمۇ دادام شۇنچە تاپىلىسىمۇ دىققەت قىلماي يەنە خوراز بىلەن ئېتىشىپ قالدى. رۇستەمدەك ئاۋۇل بۇ تاغامنىڭ خورازنى خۇددى تەپكۈچ تەپكەندەك تەپكەنلىكىنى ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن كۆرۈپ تۇردۇم. بەغەرەز خوراز شۇنچە تاياق يەپمۇ پەيلىدىن ياناي دېمەيتتى. ئەتىسىمۇ، ئۆگنى ئانامنىمۇ قوغلاپ جېنىنى چىقىرىۋەتكىلى تاس قاپتۇ، دادام ئاچچىقىدا تازا ساۋاپتۇ. كىم بىلسۇن ئۇزاق ئۆتمەي بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەن خورىزىمىز ئاخىر ئۆلۈمگە «ھۆكۈم» قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرالمىغىنىنى كۆرۈپ بوۋام چىدىماي بوغۇزلىۋېتىپتۇ. چۈنكى بوۋامنىڭ دېيىشىچە بۇنداق خورازلار پىچاقتا ئۆلسە شەرەپلىك، ئاغرىپ قىلىپ ئۆلۈپ قالسا نومۇس بولىدىكەن. بوۋامنىڭ ئۆزى شۇنچە ئامراق خورىزىنى يىغلاپ تۇرۇپ بوغۇزلىغىنىنى پەقەت چۈشەنمىدىم. ئىسراپچىلىققا ئۆچ بوۋام خورازنىڭ ئورۇۋقلاپ كەتكەن بولسىمۇ بىر چۆجىدەك كېلىدىغان گۆشىنى نامرات بىرەر كىمگە ئاپىرىپ بەرمەكچى بولۇپ يۇڭغۇزلىغانىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. چۈنكى خورازنىڭ گۆشى توخۇ گۆشىدەك ئاق ئەمەس، بەلكى تۆمۈردەك كۆك قارا قان ئۇيۇپ قالغان بولۇپ چىقتى. بوۋامنىڭ دېيىشىچە بۇ بەك ئېغىر زەخىملەنگەنلىكتىن بولارمىش. ئاخىرى خورازنى باغنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىغا كۆمۈپ قويدۇق. ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىسىغۇ مەيلىتى، مېكىيانلار بىر كېچىدىلا پەي تاشلاپ كەچ كۈزنىڭ بىر سەھرىدە ھەممىسى توڭلاپ ئۆلۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بوۋام يېزىغا كېتىشنى قارار قىلدى. ئەسلىدە بوۋام يازغىچە تۇخۇم ياردۇرۇپ خورازنىڭ نەسلىنى كۆپەيتمەكچى ئىكەنتۇق. بىراق بۇنىڭدىنمۇ رايى قايتىپ يېزىغا كەتمەكچى بوپتۇ. چۈنكى يېزىدا خوراز چىللاپ ئويغىتىدىكەن، بۇ يەردە ئويغىتىدىغان خوراز يوق، بىر ئۇخلىغانچە ئويغىنالماسلىقىدىن ئەنسىرەرمىش!

ئىشقىلىپ بوۋام شۇنداق غەلىتە ئادەم، ئۇ كېتىپ قۇتۇلدى، ئەمما بىچارە دادام ئۆز دادىسىنى پاتۇرمىغان، باقمىغان بەتنامغا قالدى. دادام دادىسىغا يەنە نېمە قىلىپ بەرسە بولاتتىكىنە؟ بالا بولۇش بۇنداق تەس بولسا چوڭ بولمىسام بولامدۇ نېمە؟

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدا



# يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر ئاكىغا ئوچۇق خەت

سۇلايمان قەييۇم

1

ئەسسالامۇئەلەيكۇم مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا!

ئالدى بىلەن 67 ياشقا كىرگىنىڭىزنى سەممىي قۇتلۇقلايمەن.

«قۇم باسقان شەھەر»گە بىزنى باشلاپ قويغىلى مانا 15 يىل بوپتۇ. بىز بىلمىگەن قانداقتۇر بىر تالاي ئىشلار سىزنى ئالدىغا سىلىۋېلىپ، زېھنىڭىزنى تىرىقتەك چېچىپ، ئەجىڭىزنى قازاندەك قاينىتىۋاتقاندۇ؟ جەمئىيىتىمىزدىكى كۆڭۈلچەكلىككە ۋە تۈرى كۆنسايىن ئاۋۇپ، زامانىۋىلىشىۋاتقان ئادىمەتچىلىككە يېتىشىپ، يەنە قەلەمگە ۋاقىت ئېشىنىش دېگەن قالتىس گەپ. ناتىۋان خەلقىمىزنىڭ داستىخانلىرىغا كۆڭۈل ئىزدەپ بارمىسا ياراتمىدى دەپ تىللايدۇ، كۆڭلىگە ياققۇدەك بىر نېمە يازمىسا تېخى تىللايدۇ. شۇڭا مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىندەك ھازىر تىللىساڭمۇ تىللا، قەدرىمگە كېيىن يېتەرسەن، دەپ باشنى چۆكۈرۈپ يازغانمۇ ياخشىمىكىن دەپ قالىمەن. ئەختەم ئۆمەر ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇر بولماق تەس، ئۇيغۇرنىڭ زىيالىيسى بولماق تېخىمۇ تەس».

كىتابخانىنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ قىممەتلىك ئۆمرىنى ناباب يازمىلار بىلەن زايا قىلىۋاتقان ئەدەبىياتنىڭ پاكىز داستىخىنىدىكى رو چېۋىنلار كۆپىيىپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە كۆڭۈللەرنىڭ زوقى يەنىلا سىزدەك يازغۇچىلارنىڭ تەملىك ئەسەرلىرىنى تارتىدۇ.

كومپيۇتېر ۋە توك ئاپىرىدە بولمىغان شۇ گۈڭگا زامانىدا بالزاك 96 پارچە رومان يازغانىكەن. بالزاك يازغان شۇ پارىژنى فلوبېر، ئالېكساندىر دىيوما، ئېمىل زولا، ھيوگو، سېتېندال، مارسېل پىروست ۋە مۇپاسسانلار يېزىپ يەنە ئېشىپ قالدى. 1949 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى، ئامېرىكىلىق يازغۇچى ۋىلىئام فوكنېر (William Faulkner 1897—1962) بار - يوقى 65 يىللىق ھاياتىدا 19 پارچە رومان يېزىپ، دۇنيا ئەدەبىياتىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەنىدى. ئۇ بارچە رومانلىرىدا ئۆزى ياشىغان مىسسىسىپى ئىشتاتىنىڭ بىر خىلۋەت بازىرىنىلا يازغانىكەن. شۇ كىچىككىنە بازار ئۇنى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ دەرۋازىسىغا ئاپاردى. دۇنيانىڭ كۆزى ئاشۇ كەنتتىن ئامېرىكىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ جۇشقۇن قەلبىنى كۆردى. بۈيۈك يازغۇچىلار كەپسىدىن چىقمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇچقۇر خىياللىرى ئىقلىملارنى ۋە قەلبلەرنى كېزىپ تۇرىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، ئامېرىكا ھېمىڭۋايدىنمۇ (Ernest Hemingway) ئېشىپ قالدى.

بىر چاغدا نوبېل مۇكاپاتىنىڭ گېپى بولۇندى. خوش، بىزنىڭ غۇلجا، بىزنىڭ قەشقەر، بىزنىڭ ئۈرۈمچى، بىزنىڭ تۇرپان، بىزنىڭ قومۇل، بىزنىڭ خوتەنچۇ؟ بۇ تۇپراقلاردا

ئوبزورچىلار مۇنبىرى

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، نەچچە ئەۋلادقا ئاشقۇدەك ھەزاراتنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە مەدەنىيەت تىندۇرمىسى كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. گەپ يازالايدىغان قەلەمدە ۋە بايقىيالايدىغان يۈرەكتە.

قەلبنىڭ پىنھان تۈيغۇلىرىنى چىنلىق بىلەن يازالىساق، سەنئەت ۋە ماھارەت تەبىئىي تۇغۇلىدۇ. شۇ چاغدا مۇكاپاتنىڭ بوسۇغىسىغا قانداق ئېرىپ قالغىنىمىزنى بىلمەي قالىمىز. ئۇيدە ئادەم بولسىلا چىكىۋەرسەك ئىشىك ھامان ئېچىلىدۇ.

كومپيۇتېر جاھانغا تور تارتتى. تور ئەدەبىياتىمۇ يۈكسىلىۋاتىدۇ. ئادەملەر تۆمۈر ئۇۋۇقىدەك پۇل ۋە بازاردىن ئىبارەت بۇ كۆچلۈك ماگنىتقا چىڭ يېپىشقان، ماددىي ئىستېمال غالجىرلىقى ئەۋجىگە چىققان بۇ كۈنلەردە ئەدەبىياتنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ بولۇشى قەدىر - ئەھۋال ياشاۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئامىتى. بۇنداق كىشىلەر گويا تومۇزدىكى دەشتتە بېشىمىزغا سايە تاشلىغان بىر پارچە بۇلۇت. ئۆمرىدە بىر پارچىمۇ كىتاب كۆرمەي تېلېۋىزوردىكى تەقلىدىي دۇنيانى ۋە يولدىكى سايىسىنىلا كۆرۈپ كۆڭلىنى خوش ئېتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ ساماندەك. كومپيۇتېر تەرەققىي قىلىپ نەگىلا بارمىسۇن، بىزگە ئېتىملىق كىتابلار ۋە كىتابلاردىن ئېچىلغان يورۇق ساھىللار ھامان كېرەك.

2

قومۇش ۋە پەي قەلەم، تاش ۋە قوغۇشۇن مەتبەئە بۈگۈنكى كومپيۇتېرنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان شۇ خىرە زامانلاردا كىشىلەرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان ئىخلاسى تولىمۇ چىڭ بولىدىكەن. يىراقنى قويۇپ تۇرايلى، 60 -، 70 - يىللاردا ئەدەبىياتنىڭ مۇخلىسلىرى ياخشى ئەسەرنى خۇددى كاتىپ تۈردى ئاخۇن غېرىبىدەك (تۈردۇش ئاخۇن ئەمەس) ئېرىنمەي كۆچۈرىدىكەن. قويىندا ساقلاپ، قولدىن - قولغا كۆچۈرۈپ ئوقۇيدىكەن. ئۇزاق تۈنلەردە شام يورۇقىدىكى ئەدەبىياتنى چۈرىدىگەن قايناق بەس - مۇنازىرىلەر قورسىقى تويمىسىمۇ روھى توق ياشاۋاتقانلارغا ئەدەبىي تۈنەك بولغانىكەن. توك يېقىلدى - يۇ، تولا قەلبلەر قاراڭغۇ كەتتى. ئىلمىمىزنىڭ داستىخانىغا غەرەزسىز يىغىلىپ، تەلقىن - سۆھبەتلەر قايناپ يىدىغان ئەدەبىي باراۋەتلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىپكترونلۇق تۈنەكلەر ئىگىلىدى. 90 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات كەسپىگە كەلگەنلەرنىڭ قەلبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئوتى خېلى ئوبدان كۆيەتتى. كېيىن

خىزمەت تېپىشنىڭ تەسلىششى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئىچىنى يېيىشكە كۆزى يەتمىگەن نۇرغۇن باللاردىكى ئوت ئۆچتى. دېمىسىمۇ «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» ئەمەسمۇ. لېكىن بۇ ھېكمەت ھازىر «ئاۋۋال تائام، يەنە تائام» بوپ قالغاندەك تۇرىدۇ. راستقۇ، بۇرۇن باشقىلار «تاماق يېدىڭمۇ ؟» دەپ سالاملىشاتتى، ئەمدى قويۇپ شۇ سالامنى بىز قىلىۋاتىمىز. قارىغاندا ئاشقازان بىلەنلا بولۇپ، مېڭىمىزنىڭ ئېچىرقىشىنى ئۇنتۇپلا كەتتۇقمىكىن.

ھازىر يىلدا ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ئەدەبىياتنىڭ 10 - 12 سىنىپ باللىسى ئوقۇش پۈتكۈزىدۇ. 20 بەتلىك ئوقۇش پۈتكۈزۈش ماقالىسىنى جايلاپ يازالماي، توردىن چۈشۈرىدىغان ياكى پۇلغا سېتىۋالىدىغان بۇ باللارنىڭ خاملىقىغا قاراپ، بەش يىلدا بۇلار بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتقان بولسىمۇ، قولى گۈل ئۇستام بولۇپ كەتمەسمىدى دەپ ئېچىنىسىز. شۇ باللارنىڭ بىچارە تۇرقىغا قاراپ، خەلقنىڭ ئاچقان يېرىگە بارماي بۇتتەك سۇرلۇك قېتىپ ئولتۇرغان ماتارىيقا تالاي ئاچچىق سوئاللارنى قويغۇڭىز كېلىدۇ.

تولستوي، تۇرگىنېۋ ۋە دوستويېۋىسكىي رۇسلارنى، بالزاك، موپاسسان ۋە پىروست فىرانسۇزلارنى، گەلسۇورسى، دىكككىنس، گوردون ئىنگلىزلارنى، ئەزىز نەسىن، ياشار كامال ۋە ئورخان پاموك تۈركلەرنى، نەجىپ مەھفۇز، سۇئاد دەرۋىش ئەرەبلەرنى، ھېمىڭۋاي، لېۋىس ۋە فوكنېرلار ئامېرىكىنى جاھان ئەھلىگە ئوقۇپ بەرگەندەك، دۇنيانىڭ نەزەرى تەكلىماكاندىكى غايىب شەھەرلەرگە چۈشىدۇ، دۇنيامۇ بىزنى چۈشىنىدۇ.

«تىنچ دون»نىڭ شاۋقۇنلىرى، «مەمەت ئاۋاق»نىڭ ياڭراق چۇقانلىرى، كولومبىيە يازغۇچىسى گارسىيە ماركوسنىڭ « 100 يىل غېرىبلىق» ناملىق رومانىدىكى ماكوندو كەنتىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن قارا قۇيۇن ۋە «قۇم باسقان شەھەر»نىڭ خارابىسىدە ھۇشقۇيتۇپ يۈرگەن ئۇچقۇر شاماللار ھەزارەتنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەنھا ئاراللىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. قەلبلەرئارا بۇ ئېقىن شۇ قەدەر ئۇلۇغ ئوكيانىدىكى، ئۇندا ئەمدى تەنھا ئارال بولماس. بۇ ئوكياندا « 100 يىل غېرىبلىق»تا ياشىغان لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئوكتاۋىئو پازنىڭ «تەنھالىق قەسرى»مۇ كەلمەسكە كەتتى.

ئەدەبىيات ئىككى يۈزلۈك كۆزگۈ. قەلبىمىز بىلەن دۇنيا ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ، بىر - بىرىنى كۆرىدۇ. دۇنيا

بىزنى تاشلىۋەتتى، كۆرمىدى دەپ قاقشىماي، ئۇلار بىزنى
كۆرەلىگۈدەك يازايلى. قەلبىتىكى سىرنى ماھىرلىق ھەم
چىنلىق بىلەن يازالىساق سەنئەت ياكى بەدىئىيلىك دېگەن
شۇ. شۇ چاغدا دۇنيا بىزنى كۆرىدۇ. دېرىزە كىرلىشىپ
كەتسە كۈننى قارغىماي، دېرىزىنى سۈرتۈپ باققۇلۇق.
مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا!

قەلەم تەۋرىتىش دېگەنلىك رېئاللىقنىڭ تاتۇقلىرىنى شۇ
پېتى قەغەزگە چۈشۈرۈش بولسا ئەدەبىيات بەكلا ئاسان بىر
ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. قەلەمنى تەر چىقارماي جان بېقىشنىڭ
يولى قىلىۋالغانلار ئەدەبىياتنىڭ كوچىسىدىكى غازاڭلاردۇر.
قەلەم تەۋرىتىش ــ شىددەتلىك نەرە تارتىشكى، غاپىللار
ئويغىنىپ، ئويغاقلار تېخىمۇ يۈكسەكلەرگە چامدايدۇ. ئېقى
قەغەز، قارىسى سىياھتا يېزىلغان شۇنچە كۆپ كىتابلار جاھا-
زىلاردا تىقىلىپ يېتىپتۇ، ھەممىنى بىرلا ئاپتور يازغاندەك.
راست گەپنى قىلغاندا «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «چالا تەگكەن
ئوق»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «قۇم باسقان
شەھەر»، «مەھمۇد كاشغەرىي»، «جاللات خېنىم»، «ئانا
يۇرت»، «يېگانە ئارال»، «باھادىرنامە» (ئاساسلىقى رو-
مانلارنى كۆزدە تۇتتۇم)دىن كېيىن قەلب كۆزىمىزنى داۋا-
لاتقۇدەك رومان يېزىلمايۋاتىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ ئەدەبىياتى-
مىزنى كۆككە كۆتۈرگەن تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىد ئۆلچىمى
ۋە تەپەككۇرىدىن گۇمانلىنىمەن.

بالزاك ناپالېئوننىڭ كىچىك بىر ھەيكىلىگە: «ناپالېئون
قىلىچتا ئالالمىغان دۇنيانى قەلەم بىلەن ئالىمەن» دەپ يېزىپ،
يېزىقچىلىق شىرەسىگە قويۇۋالغانىكەن، قەلەمگە ھەۋەس قىل-
غانلار بالزاكنىڭ شۇ گېپىنى يادىدا چىڭ تۇتسۇن.

بىزدە خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە نادىر ئەسەرلەرنى كۆ-
رەلەيدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. «كاسىپنى
ئۇستا قىلغان خېرىدار» دېگەندەك، قەلەم كەسپلىرى
ئەمدى سەگەك بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا يازغۇچىمۇ، تەنقىد-
چىمۇ ياخشى نەرسىلەرنى سىرتتىن ئەكىلىشى، ئۆزىمىزدىنمۇ
ئىزدىنىشى كېرەك. ئەكىلىشپەرۋەرلىك بىزدە نەچچە مىڭ
يىللىق ئېسىل ئۇدۇم. فارابىدىن تەجەللىي ھەزرەتكىچە بۇ
ئۇدۇمنىڭ جەۋلانىنى كۆرىمىز. بۇرۇنقى نەتىجىلىرىمىز
بىلەن پەخىرلىنىپلا ئەدەبىيات جامائىتىنى ئالداپ ياشىغىلى
بولمايدۇ. قەلەمكەشلەر چوقۇم جۇڭگو ۋە جاھان ئەدەبى-
يات - سەنئىتى، پەلسەپىسى، پسىخولوگىيە ۋە تەنقىدچىلىك-
نىڭ يېڭى يۇزلىنىشىدىن، غەربنىڭ سەنئىتى، پەلسەپىسى،
تۇرمۇشى ۋە تەپەككۇرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن مو-
دېرنىزم، كېيىنكى مودېرنىزم ۋە سۇيىئىستېمالچىلىق (پىراگ-
ماتىزم) دېگەنلەردىن خەۋەر تېپىشى كېرەك. ئۇلاردىكى
قىزىق نۇقتىلارنى بىزمۇ ئەقىل تۈگمىنىمىزدە ئۇن قىلىپ،
ئۆزىمىزنىڭ ئاشقازىنىدا ھەزىم قىلىشىمىز كېرەك. مودېر-
نىزمنىڭ گېپىنى ئاڭلىسا نۇرغۇن قەلەمكەشنىڭ بېشى ئاغرىي-
دۇ. بىزدە چەتنى تامامەن ئىنكار قىلىدىغان ئاجايىپ «ئاق
كۆڭۈل» رادىكاللار بار، چەتنى تامامەن ئىنكار قىلسا ئەدە-
بىياتىمىز گويا روناق تاپىدىغاندەك. بۇ ناتىۋانلارنىڭ نەزە-
رىدە سىمۋولىزم، قارا يۇمۇر، ئاڭ ئېقىمى، سېھرىي رېئا-
لىزم، بىمەنە تىياتىر، قۇرۇلمىچىلىق دېگەندەك مودېرنىزمغا
خاس ئەدەبىي ئېقىملار ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەرىكەتلىك خاما-
نىدىكى چەشلەرنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان قارا قۇيۇنمىش.
بىز ئەدەبىياتقا، رېئاللىققا ۋە يېزىقچىلىققا ئاشۇنداق قارا
يۈزلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغاچقا «تالاي ماڭدۇق، ئەمما
قىردىن ئاشمىدۇق».

جاھان ئەدەبىياتىدا نېمىشقا تۈرلۈك ئېقىملار يامراپ
كېتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ. دۇنياۋى سىياسىي ۋە ئىقتى-
سادىي سىستېما ئۆزگەردى. بىرلا ئادەمنىڭ ياكى بىرلا گۇ-
رۇھنىڭ گېپى گەپ بولىدىغان بىر قۇتۇپلۇق دۇنيا ئۆزگەر-
دى. ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي سىستېمىنىڭ ئۆزگىرىشى تەپەك-
كۇر ۋە ئىدىيەنى ئۆزگەرتتى، ئىجتىمائىي ۋە ئۇچۇر ئالاقە
ۋاستىلىرى ئىلغارلىشىپ، تېخنىكا تۇرمۇش رىتىمىنى تېزلەش-
تۈردى. تېخنىكا ئىلغارلاشقانسېرى كىشىلەرنىڭ بوش ۋاقتى
كۆپەيدى. تۇرمۇشتىن تەم قاچتى، كىشىلەر بىر - بىرىدىن
زېرىكتى، ياۋۇزلاشتى، دۇنيانى يالغۇز يۇتۇۋالغۇسى كېلىدى-
غان تەلۋىلەرنىڭ ھېرىسمەنلىكىدىن قوزغالغان ئىككى قېتىم-
لىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىنسان تەبىئىتىدىكى ياۋۇزلۇق بىلەن
مېھرىبانلىق كۈچ ئېلىشتى. ئىنساندىكى ھېرىسمەنلىك قار
پومزىكىدەك يوغىناۋېرىدۇ. تېخنىكا ھېرىسمەنلىك ئوتىغا
چېچىلغان ياغ بولدىكى، «ئولاينى يەپ بولاي سېمىز»
دېگەن مەپكۇرە قانلىق ئۇرۇشلارنىڭ پىلتىسىگە ئوت يېقىپ
كەلدى. تاغدەك جەسەتلەر، دەريادەك قانلار، چۈشكۈنلۈك
ۋە مەھرۇملۇق ئازابى ھەر قېتىملىق ئۇرۇش - جېدەللەرنىڭ
ھەسرەتلىك يالدامىسى بولدى. ئادەملەرنىڭ ئىدىيەسى، رو-
ھىيىتى ۋە پىكىر ئېقىمى توختاۋسىز داۋالغۇپ، چايقىلىپ

تۇردى. «ئادەم دېگەن زادى نېمە؟ ئىنسان تەبىئىيتى زادى قانداق؟ بەخت زادى نېمە؟ ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە؟» دېگەن مەسىلە تالاي پەيلاسوپنى، يازغۇچىنى ۋە جەمئىيەتشۇناسنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. يېڭى مەسىلىنى يېڭىچە دېيىش ياكى كونا گەپنى يېڭىچە دەپ بېقىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى، ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتكە قويغان تەلپى، ئادەملەرنىڭ ئېستېتىك ۋە ئەخلاق قارىشى، شۇنداقلا تەبىئەت بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ شەكىللىرىگە ئىسلاھات تەلپىنى قويدى. قىسقىسى، ئادەممۇ، ئادىمىيلىك مۇناسىۋەتمۇ مۇرەككەپلەشتى. مودېرنىزمدىكى رەڭدار ئېقىملار دەل مەنىۋىيەت ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تىۋىشلارنىڭ قەغەز يۈزىدىكى ئىپادىسى، بۇ خۇددى كونا كەش پۇتنى قىستىسا يېڭىسىغا يەڭگۈشلىگەندەك بىر ئىش. ئەمما پۇتنى يەڭگۈشلىۋەتمەيمىز.

يازغۇچى سۆزلەر بىلەن قەلبنى سېھىرلىگۈچى سېھىرگەر. ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر جون بەنۋىل (John Banville) ئامېرىكىدا چىقىدىغان دۇنياغا مەشھۇر نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرنال «تەبىئەت» بىلەن تەڭ تۇرىدىغان «پەن» ژۇرنىلىدىكى «گۈزەللىك، جەلپكارلىق ۋە غارايىبات: بېشارەت سۈپىتىدىكى پەن» ناملىق ماقالىسىدە شۇنداق يازىدۇ: «سەنئەتتە دەيدىغان يېڭى گەپ يوق، پەقەت كونا مەينى يېڭى شىشىگە قاچىلاش ياكى كونا ياغاچتىن يېڭىچىرەك ئۆي سېلىش جەريانىدۇر. دەل مۇشۇ جەرياندا سەنئەت يارىتىلىدۇ، بۇنى سەنئەتكارلارمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ». («دوكتور ئاسپىرانتلارنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسلىكى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى، 51 ـ بەت»). ئادەمشۇناسلىق بولغان ئەدەبىياتنىڭ ئۈچىسىدىكى تون ـ سەرپايلار روھنىڭ دولقۇنلىرىغا ۋە رېئاللىقنىڭ ئۆزگىرىشچان رەڭلىرىگە قاراپ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ كەلدى. ئەدەبىيات ھەر قېتىم كىيىۋالغان يېڭى تون ئەدەبىياتقا يېڭى جەلپكارلىق ئەكەلدى. رومانتىزم، رېئاللىزم، سېھىري رېئاللىزم، بىمەنىچىلىك، قارا يۇمۇر، ئاڭ ئېقىمى، ئىپادىچىلىك، سىمۋولىزم... دېگەنلەر ئەدەبىياتنىڭ ئۈچىسىدىكى تون.

ھارماڭ ئۇستاز!

2007 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا نائىل بولغان ئەنگلىيەنىڭ ئايال يازغۇچىسى دورىس لېسسىڭ (Doris Lessimng 1919–) 80دىن ئاشقاندىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى يېزىۋاتىدۇ. بۇنداق يازغۇچىلاردىن 1991 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئالغان جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئايال يازغۇچى نادىن گوردىمىر (Nadine Gordimer 1923–)، 1993 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئالغان ئامېرىكىلىق ئايال يازغۇچى تونى موررىسون (Toni Morrison 1931–)، 1996 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئالغان پولشالىق ئايال يازغۇچى ۋىسلاۋا سىمبورسكا (Wislawa Szynborska 1923–)، 2004 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئالغان ئاۋستىرىيەلىك ئايال يازغۇچى ئېلفرېد جېلىنېك (Elfried Jelinek 1946–) قاتارلىقلارمۇ توختىماي قەلەم ۋە كىتاب بىلەن ھەپىلىشىۋاتىدۇ. مېنىڭچە ئەدىب قولىدا قەلەم توختىغىچە يېزىشى كېرەك. مەرھۇم ئۇستاز زوردۇن سابىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدىكى «ئانا يۇرت»نى يازغاندىكى شىجائىتى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى، ھەم ئەدىبلەرگە يېگانە ئۈلگە بولدى، ئۇستاز تىكلىگەن بۇ ئابىدە 500 گىرادۇسلۇق ئەينەكنىڭ ياردىمىدە پۈتتى.

تۆمۈرچى قېرىغاندا بازغان سوقالمىغان بىلەن، يازغۇچىنىڭ بازغىنى كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ ئېغىر تېگىدۇ، شۇنداق تەگمىسە ئۇ قەلەم ئەمەس، خېنىملارنىڭ قولىدىكى پەرداز پەلكۈچى بولۇپ قالىدۇ. كونىلارنىڭ «قېرى ئات يول بىلەر» دېگىنىدە بىر قامۇسچە ھېكمەت پۇراپ تۇرىدۇ.

ئەدىب بىلەن دېھقان بەكلا ئوخشايدۇ. قەلەم بىلەن كەتمەننى تۇتۇشقا ھالاللىق ۋە سەممىيەتتىن يۇغۇرۇلغان ئۈمىدۋار يۈرەك ھەم ئىرادىلىك كاج قوللار كېرەك. ئەدىب پىكرىنىڭ ئۇرۇقىنى قەلبكە چاچىدۇ. دېھقان ئۇرۇقىنى «بىسمىللا، جان ـ جانىۋار ۋە ئىنسانىنىڭ ھەققى» دەپ تەبىئەتكە چاچىدۇ، مېڭىمىز ۋە يۈرىكىمىز ئەدەبىياتقا، ئاشقازىنىمىز دېھقانىنىڭ ھالال نېنىغا موھتاج.

يازغۇچى تەبىئەتنىڭ ئىلھاملىق قوينىدا ئەللەيلەنسە، ئىجتىمائىيەتتىكى جۇشقۇن ھاياتقا چىلىشىپ، باغرى قېنىپ ياشىسا ئەسىرىنىڭ تەمى بارغانچە تاتلىق بولىدۇ. بۇ سىزگە ئوخشاش ئۇستازلارغا سىر ئەمەس، غۇلجىنى باشقىلارمۇ يازدى. ئەمما ئۇيغۇرنىڭ يۇمۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان دولقۇنلۇق قەلبى، چاقچاقنىڭ كەينىدە تىكەنلىك قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، مەسخىرىلىك ھېجىيىپ تۇرغان ھەجۋىي دۇنيا

سىزنىڭ قەلىمىڭىزدە باشقىچە ئەكس ئەتتى. بۇنداق دۇنيانى كۆرۈش ۋە يېزىشقا قېنى مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان، پۇل ۋە نوپۇز ئالدىدا رىتىمنى ئۆزگەرتمەيدىغان مەسئۇلىيەتچان يۈرەك كېرەك. ھالبۇكى قەلەم تۇتۇۋالغان بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ يۈرىكىدە ئەقىدە ۋە ئىخلاسنىڭ پاكىز قېنى ئەمەس، رىياكارلىق، بىچارىلىك ۋە مەممەدانلىقنىڭ قارا تۈتەكلىرى تولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنداق ئەسەر سەنئەت ئەمەس، ئەدەبىياتنىڭ پاكىز يۈزىگە چاچرىغان يۇندى، بۇنداق تۈتەكلەر ئاپتورنىمۇ، ئوقۇرمەننىمۇ تۇنجۇقتۇرىدۇ.

يېزىقچىلىق تەپەككۇر دالىسىدىكى كۆكتۈللۈك شىكار. قەلەمنىڭ سېھرى ۋە مېھرى دەل شۇ يەردە. قەلەمكەشلىك تىل دېڭىزىدىن سۈزۈۋالغان جاۋاھىرلاردىن قەسىر بىنا قىلىشتۇر. قەسىرنى قانداق قوپۇرۇش ۋە قانداق زىننەتلەش دەل يازغۇچىنىڭ تاھارىتىنىڭ چىلىڭ-بوشلۇقىغا ۋە يۈرىكىدىكى قاننىڭ تەپتىگە باغلىق. كۆرۈۋاتىمىز، يېرىم يولدىلا تاھارىتى سۇنغانلار تالايغۇ؟

رەھمەتلىك ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ بىر نەسرىدە مۇنداق بىر مەزمۇننى ئوقۇغانمەن: «پادىشاھ نىكولاي ئۇستەلنى بىر مۇشتلىسا زال تەۋرەپ كېتەتتى، تولستوي بىر مۇشتلىسا رۇسىيە تەۋرەپ كېتەتتى»، دېمىسىمۇ تولستويغا بوھتانلار تاغدەك ئارتىلغاندا رۇسىيە تەۋرەپ كەتتىغۇ. ئاخىر جامائەتنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن تولستوي چارپادىشاھنىڭ تەقىب قىلىشىدىن قۇتۇلغان. ئەدەبىياتنى ۋە ئۆزىنى ھەقىقىي سۆيىدىغانلار تەپەككۇرنىڭ پەرۋىشكارلىرىنى يېتىم قالدۇرمايدۇ، ئەلنىڭ قەددىنى ۋە كۆڭلىنى كۆتۈرگەن يازغۇچىنى ئەلمۇ بېشىدا كۆتۈرىدۇ.

«ئەدەبىيات بىلەن ئايغا چىققىلى ياكى ئاتوم بومبىسى ياسىغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئەدەب بولمىسا ئاتوم بومبىسى ئاخىر پارتلايدۇ. پەن بولمىسا ئەدەب ئاچ قالىدۇ، ئەدەبىيات بىر دەۋرنىڭ كۆزگۈسى. ئەدەبىياتنىڭ توقۇلما پەردىسىنى قايرىۋەتسەك، ساڭا نازلىق جىلمىيىپ تۇرغان تارىخنىڭ جامالىنى ۋە بىر دەۋرنىڭ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىنى كۆرىسەن؛ پەلسەپەنىڭ خۇش ھىدىنى ھىدلايسەن. ئەدەبىيات تىلنى ۋە ھەزارەتكە تۇتاش جىمى جاۋاھىرلارنى ساقلايدۇ؛ ئۇخلاپ قالغان ھۇجەيرىلىرىڭنى تۇرتۇپ ئويغۇتىدۇ؛ ئويلارنىڭ دېڭىزىغا چۆكتۈرىدۇ، ئەگەر سۇ ئۈستىدە كۆپۈكتەك ياشاشنى راۋا كۆرمىسەڭلار، پىكىر ئوچىقىڭدا ئوتتۇن تەق بولسا ئەدەبىياتنىڭ چوغىدا يەم بىلەن ياندۇرۇۋالسەن.

يازما ئەدەبىيات كىنودەك تېز ۋە ئوبرازلىق ئەسىر قىلمىسىمۇ، رېژىسسور كۆرەلمىگەن پايانسىز دۇنيانى قويىنىغا بىھالال سۇندۇرىدۇ. يازما ئەدەبىياتتىكى تارتىملىق دۇنيانىڭ زىلزىلىسى قەلبىڭنى ئۇزاقىچە ئەسىر قىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. غەرب ھەزارەت تەنقىدچىلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى: «ھوللىۋودنىڭ كىنولىرى دۇنياغا باشقا بىر ھەزارەتنى، باشقا بىر قىممەت قاراشنى، باشقا بىر ئېقىمنى تارقىتىۋاتىدۇ ۋە كىشىلەرنى دۇنيانى كۆزىتىدىغان باشقىچە كۆزنەكلەر بىلەن تەمىن ئېتىۋاتىدۇ» دېيىشمەكتە. كىنو ئېكرانىدىكى ئەدەبىياتقۇ؟ ئەدەبىياتسىز ھوللىۋود نەدە؟ ھوللىۋود بولمىسا ئامېرىكىنىڭ چۆنتىكىگە يىلدا چۈشىدىغان نەچچە مىليارد دوللار نەدە؟ كىنو ئارقىلىق تاپقان پۇل ئامېرىكىنىڭ چۆنتىكىنى توشقۇزدى، كىنودىن تارالغان ۋىرۇس ۋە ئەخلەتلەر ئاجىز مىللەتلەردىكى كاۋاكلارنى تولدۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم ئەكبەر ئەھمەدنىڭ «ئىسلام نېمە ئۈچۈن كەينىدە قالدى؟» ناملىق ماقالىسىدە: «ئاقساراي ۋە بەش بۇرجەك بىنا قىلالمىغان ئىشلارنى ھوللىۋود قىلىۋېتىدۇ» دېگىنى خاتا ئەمەس. ئىدىيەگە قىلىنغان ھەزارەت تاجاۋۇزى ئالقىش تاپتى، زېمىنغا قىلىنغان قوراللىق تاجاۋۇز قارغىش تاپتى.

مەتىمىن ھوشۇر ئاكا!

تالاي گۈزەل شەھەرلەر قۇم ئاستىدا قالدى. شەھەرنى قۇم بېسىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال قەلبنى قۇم باسىدۇ. قەلبى يايپېشىل تۇرغانلار چۆلنىمۇ ياشارتىدۇ. ئۇيغۇر رومانلىرى 200 پارچىگە ئۇلاشتى، قارىسا بەزىلىرى ئاساسەن دېگۈدەك رېئاللىقنىڭ تاشقى پوستىدىلا توختاپ قالغان. سادالار شۇ قەدەر جانسىزكى، بۇ سادالار ئىنجىقلاشمۇ ياكى خىتابمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. بۇنى پەردازچىلىق، ۋايساش، دوكلات ياكى قارغاش دېسەك خاتا بولماس. ئەدەبىياتنى كۆزگۈ دېدۇق. بۇ كۆزگۈ رېئاللىقنى شۇ پېتى كۆرسىتىپلا بولدى قىلدى. بىزدە بىر ئۆمۈر مەشىق باسقۇچىدىلا پىرقىراپ يۈرگەنلەرگە شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ: ئەدەب پەردازچى ئەمەس، دوختۇر ۋە بېشارەتچى. قەلەم دېگەن روھىيەتنىڭ چوڭقۇرلىرىغا بارالايدىغان بۇرغا بولمىسا، ياخشىسى شۇ قەلەمنى تۇتمىغىنىڭ تۈزۈك.

بەزى ئەسەرلەر تىلغا ۋە تېمىغا گاداي، تىلى خۇددى تەرجىمە قىلغاندەك. ئەسەردىكى دېھقان ياكى پادىچى بەئەينى ئاكادېمىكتەك ئۇلۇغ ۋە ياسىما گەپلەرنى قىلىدۇ. ئەدەبىياتنى ئاۋام تەپەككۇرىنىڭ ئۆڭمەس تۇغى، نۇرانە چىرىغى دېدۇق. بۇ راست، ئەمما ئاۋامنىڭ خېلى كۆپىنىڭ ئەس-يادى يەر بىلەن كەتمەندىن، زاغرا بىلەن چەكمەندىن ھالقىمىغان تۇرسا، بۇنداق ئەدەبىيات قانداق مېڭىشى كېرەك؟

ئەدەبىيات ئۆز تەرەققىيات يولى بويىچە ماڭمىسا، رومانلىرىمىز 2000غا يەتسىمۇ تەپەككۇر دالىسىنى ياۋا كۆكتاتلار بېسىپ تۇرغىنى تۇرغان. ئەلۋەتتە تەپەككۇرنى داتلىشىشتىن ساقلايدىغىنى ئەدەبىياتلا ئەمەس. بەزى ئەسەرلەرنى چىراغ دېگەندىن كۆرە سۇ پومپىسى دېسەك بولار. سۇ پومپىسى پەقەت سۇنى دەريادىن ئېرىققا باشلايدۇ، بىر قىسىم ئەللەر دېڭىز سۈيىنى تازىلاپ ئىشلىتىدۇ، ئەدەبىيات دەل شۇ تازىلاش ماشىنىسى بولۇشى كېرەك.

بىزدە بەزى قەلەمكەشلەرنىڭ تەنقىد بىلەن خوشى يوق، نېمىشقا؟ بىزدىكى تەنقىدچىمۇ ۋە قەلەمكەشمۇ بەكلا نازۇك. بۇ يەردىكى مەسىلە قەلەمگە بولغان مەسئۇلىيەت ۋە قورساقتىكى ئۇماچقا بېرىپ تاقىلىدۇ. تەنقىد دېگەنلىك تىللاپ قورساق كۆپۈكنى چىقىرىش ياكى ماختاپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىش ئەمەس، ئەسەر قانداق بولسا ئاپتورنىڭ شەخسىيىتىگە تەگمەي لىللا باھالاشتۇر. تەنقىد — ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ كۆرگۈسى، موتورى ۋە ئەدەبىيات كېمىسىدىكى كومپاس، تەنقىدچىلىكنىڭ سەۋىيەسى ۋە كۆلىمى ئاشمىسا ئەدەبىيات جۇۋازدىكى كالىدەك بىر ئىزدا چۆرگىلەۋېرىدۇ، بۇ خۇددى «بۆرىسى يوق جاڭگالنىڭ پادىسى بىغەم» دېگەندەك ئىش بولىدۇ. تەنقىدچىلىرىمىز ئانا تىلدىكى ماتېرىيال بىلەنلا كۇپايىلەنسە بولمايدۇ. ئۇلار مۇمكىن بولسا تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىدىكى ئەڭ يېڭى ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ۋاقتىدا «توك» تولۇقلىمىسا، ئەدەبىياتنىڭ خىرە كوچىسىنى يورۇتالمايدۇ، تەنقىدچىلەر ۋە قەلەمكەشلەر بىر-ئىككى يىللا كىتاب ئوقۇمىسا جىق كەينىدە قالىدۇ.

ئەدەبىياتنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىلگىرىكىدەك «تىل ئالاھىدىلىكى، ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەركىزىي ئىدىيەسى» دېگەن ئۈچلا شادىلىق تار رامكىغا مىخلاپ قويۇلسا، ئەدەبىياتنىڭ پۈتىنى چۈشەپ قويىمىز. ئەدەبىياتقا قىلغان ئۇۋاللىق ئۆزىمىزگە قىلغان ئۇۋاللىقتۇر.

مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا!

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك شۇ قەدەر ئاجىز ھالدا، سۈرلۈك قېتىپ ئولتۇرغان ئەدەبىياتنىڭ ئالدىدىكى ئەدەبىي تەنقىد گويا مۇتتەھەم دەۋاگەر بىلەن مۇرەسسەگە چۈشكەن بىچارە قازى. غەرب تەنقىدچىلىرى ئەدەبىياتنى، پەلسەپەنى، سەنئەتنىڭ بارچە ساھەسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىجادىيەت ۋە تەنقىدچىلىكنىڭ كوچىسىغا قىلىدىغان ئىش تاپالماي كىرىۋالغان ئەمەس، غەرب يازغۇچىلىرىنىڭ تارىخىنى ئوقۇساق ئۇلارنىڭ ياش چېغىدىلا ئەدەبىيات، تىل، پەلسەپە، ئىستىلىستىكا، تارىخ، لوگىكا، پىسخولوگىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ ئۇستازلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. نۇرغۇنلىرى ھەتتا تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئەللامىلىرى تۇرۇپ، سەنئەتنىڭ قەسرىنى ئوتقاشتەك جاۋاھىرلار بىلەن بېزىيەلىگەن. فارابى، ئىبن سىنا، ئەل خارەزمىي، مەھمۇد كاشغەرىي، ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى تەۋفىق ۋە ھۈسەيىنخان تەجەللىي كەبى ئۆلىمالارنىڭ ھايات شەجەرىسى ئادىمىي ۋە پەننىي تاكامۇللۇقنىڭ يارقىن قۇرلىرى بىلەن نۇرلىنىپ تۇرۇپتىغۇ؟

مەن ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق دېگەندەك ئۇنۋانلارنىڭ خۇراپىي مۇخلىسى ئەمەس، ئەمما ئۇنداق ئۇنۋانلار ئاسانلا كىيىۋالىدىغان ئىككى سوملۇق شاپاق دوپپىمۇ ئەمەس. ئۇنى كىيسە شۇنىڭغا لايىق بىر نېمىنى ئەلنىڭ ھوزۇرىغا سۇنمىسا بولمايدۇ. شۇڭا غەربنىڭ تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىغا، تەنقىدنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ كەڭلىكىگە، تەنقىدكە تۇتقان سوغۇققان مۇئامىلىسىگە، ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىگە ۋە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ شۇلاردىن تازا ئاشمايدىغانلىقىغا ھەيران بولمىساقمۇ بولىدۇ، بىزدىكى تەنقىدچىلىك خۇددى ئەدەبىياتنىڭ كەينىدە كېتىۋاتقان سوك-سوك ئات بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

تەنقىدچىلىك قانداق مېڭىشى كېرەك؟ تەنقىدچىلەر بىر بولسا نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى قاقشال سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەن مەپكۇرە بىلەن بۈگۈنكى ئىسسىق قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەدەبىياتقا باھا بېرىدۇ. بىر بولسا باشقىلارنىڭ كۆزىدە ئۆزىمىزنى كۆزىتىدۇ. بەس ئەمدى! ئۆزىمىزنىڭ كۆزىدە ئۆزىمىزنى كۆرەيلى. ئەلۋەتتە غەربنىڭ ئەدەبىيات-

سەنئەت تەتقىقاتىدا نۇرغۇن ياخشى ئۆرنەكلەر بار. كۆلگە پات - پات يېڭى سۇ باشلاپ، ئايغىنى چىقىرىپ تۇرمىسا سېسىيدۇ.

دۇنيادا سىرتقى تەسىردىن مۇتلەق خالىي، ساپ ئەدەبىيات يوق. ئەسەرنى ئوقۇغاندا ياكى تەھلىل قىلغاندا، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاۋاسى، جەمئىيەتنىڭ مەپكۇرىسى، يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى، يازغۇچىنىڭ شارائىتى دېگەنلەرمۇ ھېسابقا ئېلىنىشى كېرەك. لېكىن بىز ئەسەرگە باھا بەرگەندە بۇ نۇقتىلارنى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىمىز - دە، گېپىمىز چەك باسالمايدۇ. ياخشى نەرسىلەرنى ئۈزلەشتۈرمىسەك بولمايدۇ. «ئىت سۆڭەك يېسە كېيىنى بىلەن كېڭشەر» دەيدىغۇ. بىزنىڭمۇ پەلسەپە، ئەخلاق، ئېستېتىكا ۋە سەنئەت ئۆلچىمىمىز بولغاندىكىن، سىرتتىن ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ ئاشقازىنىدا ھەزىم قىلىپ، مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇش مۇھىم.

4

مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا!

ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان ھەر بىر تونۇلغان زىيالىينىڭ ئۆزىگە لايىق باش ئاغرىقى بار. چۈنكى بىزنىڭ ئۈمىدۋار ۋە ئاق كۆڭۈل تۇغقانلىرىمىز ۋە ھەقەمسايىلىرىمىز ئۈرۈمچىدە ياشاۋاتقان زىيالىينى ھاجەتنىڭ ھەممە ئىشىكىنى ئاچالىغان ھەممىباب ئاچقۇچ دەپ بىلىدۇ.

سادىغاڭ كېتەي ئەي ھاجەتمەنلەر! مەمتىمىن ھوشۇرغا ئوخشاش زىيالىيلارنى ئەمدى بولسىمۇ ئارامىدا قويساڭلار، ئۇلارنى يازغىلى، بىمالال ئويلىغىلى قويساڭلار.

زىيالىيلىرىمىزغا رەھمەتلىك ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ ئارمىنى مىراس قالمىسۇن. ئۆتكۈر ئەپەندىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇراخمان ئەبەيگە ھەسرەت بىلەن شۇنداق دېگەنىكەن: «ئەگەر بىھۇدە باردى - كەلدىگە كەتكەن ۋاقتىمنى تېجىيەلىگەن بولسام ئالتە توملۇق ئۆمۈر ئەسلىمەمنى پۈتكۈزۈۋالاتتىم» (ئابدۇقادىر جالالىدىن: «تەنھا ھەقىقەت ۋە كۆيۈك شان - شەرەپ» دېگەن ماقالىسىدىن) خەلقىمىزنىڭ بۇ ئۆتكۈر زىيالىيسى تالاي ئارمانلارنى، قەلب سىرلىرىنى لەھەتكە ئېلىپ كەتتى. ئالتە توملۇق ئەسلىمە دېگەن قالتىس گەپ ئەمەسمۇ! ئۆتكۈر ئەپەندىمنىڭ شاۋقۇنلۇق ھاياتى تارىخىمىزنىڭ ئەڭ قايناق ۋە مۇشكۈل پەيتلىرىنىڭ، تالاي ۋەقەلەرنىڭ ھەقداسى ئىدى. شۇ مۇبارەك ئەسلىمە رويابقا چىققان بولسا، 20 - ئەسىر تارىخىمىز خېلى يورۇتۇلۇپ قالاتتى. ئۆتكۈر ئەپەندىمگە ئوخشاش قىلىچتەك ئۆتكۈر نىنى زىيالىيلىرىمىز بىر - بىرلەپ ئۇزاپ كېتىشتى. شاھىتلارنىڭ شاھىتىمۇ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تالاي ئىبرەتلىك گەپلىرى، شۇنچە بىباھا تارىخلار ئىككى مېتىر ئاق كېپەنگە ئورۇلۇپ، تارىخ لازىم بولمايدىغان باقىغا كېتىۋاتسا، بۇنىڭغا دىل نېمىشقا ئۆرتەنمىسۇن؟ تاۋۇتتا كېتىۋاتقانلارغا تارىخ كېرەك ئەمەس، تاۋۇت كۆتۈرگەنلەرگە ۋە تاۋۇتقا ئەگەشكەنلەرگە لازىم. خەيرىيەت! يەنە يازمىساق، يەنە سۈكۈت قىلىپ ياتساق يىللارنىڭ توزاڭلىرى ئەسلىمىلەرگە قېلىن توپا بولۇپ قونۇۋەرسە، توپا ئاستىدىكى ھەقىقەتنى يورۇتۇشقا تېخىمۇ زور بەدەل كېتىدۇ، ئەزىز ئۆمۈرنىڭ ھەر دەقىقىسىنىڭ، ھەر نەپەسىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئېتىبارى ۋە سورىقى بار.

گېرمانىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ شوپېنھاۋېر شۇنداق دېگەنىكەن: «مويسىپىتلىق دەۋر نادانلار ئۈچۈن يوك، دانالارغا مول ھوسۇل دەۋرى.» مويسىپىتلىق دەۋر غەيۋەت ۋە قارتقا ئۆلپەتلىشىپ، مەيگە چىلىشىپ، ئەزرائىلنى ۋە نەۋرىلەرنى قارغاپ، ھاماقەتلەرچە ياشايدىغان دەۋر ئەمەس. مويسىپىتلىق دەۋر — ھايات خامىنىدىن ئالغان ئىبرەت ئوگۇتلىرنى پاراسەتنىڭ تۇگمىنىدە ئۇن تارتىپ، ئەۋلادقا قالدۇرىدىغان تولىمۇ خاسىيەتلىك چاغ. ھەر بىر ئادەم مېڭىپ يۈرگەن بىر تارىخ. ئارىمىزدا مەدەنىيىتىمىز ۋە تارىخىمىز ئۈچۈن سەمەرىلىك ئەمگەكلەرنى قىلىۋاتقان مىرسۇلتان ئوسمانوف، شېرىپ خۇشتار، توختى باقى ئارتىشى، ئابدۇۋەلى ئەلى، ئەخەت تۇردى، مجىت ناسىر ... قاتارلىق كۆپنى كۆرگەن، بىلىملىك، پەزىلەتلىك مويسىپىتلىرىمىز بار. مويسىپىتلارنىڭ ئەقلى ۋە ساغلاملىقى بىزنىڭ بەختىمىز ھەم تەلىيىمىز، ئۇلارغا قەلىمىنى يورغىلاتقۇدەك، ئويلارنى ئارامخۇدا سۈرگۈدەك ۋاقىت بېرەيلى.

بىزدە يۈكسەك نىيەت بىلەن باشلانغان يازمىلار چالا قالىدىكەن. باشقىلار كۆزىنىڭ نۇرى، قەلىمىنىڭ مادارى ۋە خاتىرىسىنىڭ كۈچى قاچمىغاندا يازىدىغانىنى يېزىپ ئۈلگۈرىدىكەن. ئۇلار ۋاقىتنى ئىدىتلىق بىلەن باشقۇرۇپ كۆنگەن. ۋاقىت باشقۇرۇش — تارىخ ۋە خەلق ئالدىدىكى جاۋابكارلىق تۇيغۇسىنىڭ بەرق ئۇرۇشى، تەرەققىي تاپقانلار ئۆزىنىڭ ۋاقتىغا ئۆزى ئىگە بولغاچقا دۇنيانىڭ كۆزىنى چاقنىتالىدى.

قاتىللىق ۋە ئوغرىلىقلا جىنايەت بولمايدۇ، باشقىلارنى

www.uyghurkitab.com

بىھۇدە ئاۋارە قىلىش ۋە ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىشمۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھتۇر. مۇشۇ گۇناھ بىلەن ئۆزىنى ۋىجدان ئالدىدا سوتلاپ، ئۆزىدىن ھەققانىي ھېساب ئالالايدىغانلار كۆپەيسە، بىزدىكى بىھۇدە ئادەمەتچىلىك يوسۇنلىرى ھەققىي مەنىسىنى تاپىدۇ. شۇ چاغدا بىر ـ بىرىمىزنى قەدىرلىگەن، ئىززەتلىگەن بولىمىز. بىر ئاۋۇنىڭ ۋاقتىنى ئايىمىغان مىللەت بىر ـ بىرىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چېپىۋاتقان بولىدۇ. يوغان گەپنى قويۇپ تۇرۇپ، ۋاقتىمىزنى، ئۆزىمىزنى باشقۇرۇشنى، پىلان بويىچە ئىش قىلىشنى، باشقىلارنى ھەققىي ئاياشنى، باشقىلارنىڭ ئەمگىكىگە لىللا باھا بېرىشنى ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. بۇ دېمەككە ئاسان، ئەمەلدە بەك تەس. بىزگە ئۆتكۈر ئەپەندىمىنىڭ ھەسرىتى ئەمەس، غەيرىتى، ئۆتكۈرلۈكى، خۇش پېئىل مىجەزى، پەزىلىتى ۋە ئىلمىگە تۇتقان مەسئۇليەتچانلىقى مىراس قالسۇن.

ھارماڭ ئۇستاز!

ئەدەبىياتنى چۆرىدەپ شاخلاپ چىققان بۇ گەپلەرنى ئەسلىي سىز بىلەن ئەدەبىياتنىڭ داستىخانىدا بەھۇزۇر دېيىشسەك ئوبدان بولاتتى. تەڭگە ـ تىللانىڭ شاراقلاشلىرى ۋە بازارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى ھەممىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان بۇ كۈنلەردە مۇبارەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىش ـ تاشلىرىدىن پۈتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇستەھكەم قەسرىنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولۇپ، ئەدەبىياتنىڭ يوشۇرۇن كۈچىگە ئىشىنىدىغانلار خېلى بار، ئەدەبىياتنىڭ چوغىنى ئەتە ئۈچۈن كۈلبىسىدە ئاۋايلاپ ساقلاۋاتقانلار بار، ئاشۇ ئۈمىدۋار كۆزلەر قەلىمىڭىزگە قاراپ تۇرىدۇ، سىزدىن يېرىك ئەسەرلەرنى كۈتىدۇ. شەھەرلەرنى قۇم باسسىمۇ، بىراق قەلبلەرنى قۇم باسمىسۇن، قەلەمدىن كۆكلىگەن باراقسان ئورمان قەلبىمىزنى يايپېشىل زىننەتلەپ تۇرسۇن.

مەمتىمىن ھوشۇر ئاكا!

ئۆزبېكىستانلىق مەشھۇر يازغۇچى، كەسكىن پىكىرلىك جامائەت ئەربابى، مەرھۇم ئىمىن ئۇسماننىڭ دوستى ئالىم ئاتەخانغا يازغان «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» ناملىق مەكتۇبى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، سىزمۇ كۆرگەنسىز. شۇ چاغدا بەك داغدۇغىسى بولغان. بىر پارچە مەكتۇپ كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە سوزۇلغان ئۇزۇن يولدۇركى، يورۇق مەنزىللەر شۇ يولدىن راۋان بولغۇسى.

بۇرۇنقىلار ئۇچۇق مەكتۇپلار بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ۋە جامائەتنىڭ ئەقلىنى زەرەتلەپ، ئادىمىيلىك بۇلاقلىرىنى قۇرۇتماي، قوۋناق ياشاپ، ھايات بېغىنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ كەپتۇ، مۇمكىن بولسا سىزنىڭمۇ ئەدەبىيات جامائىتىگە دەيدىغانلىرىڭىزنى ئاڭلىساق.

نەدە سەن دەپ بىزنى ئۇدۇل ئىزدەپ كېلىۋاتقان قان بېسىمى، يۈرەك كېسىلى، قەنت كېسىلى (دىيابېت)، سېمىزلىك قاتارلىق كېسەللەردىن، غەيۋەتخورلۇق، ھەشەمخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنچىلىك ۋە پېتىشماسلىق كەبى نىجىس ئىللەتلەردىن بىزنى خۇدا ساقلىغاي! مېڭە ۋە تەننىڭ ھەرىكىتى چامىمىزنىڭ يېتىشىچە بىزگە مەشۇق بولغاي! ھاياتلىقىمىزدا قەدرىمىزنى قىلىپ، دىدارىمىزغا قېنىشىپ، قۇچقىمىزنى دوستلارغا كەڭ ئېچىپ ياشاش ھەممىمىزگە نېسىپ بولسۇن!

مەكتۇبىمنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇ مىسرالار بىلەن تۈگەللەي:

قەلەم دەرىخىدىن تىللا تۆكۈلگەي.
قەلەمدىن يېڭى دۇنيا يېپىلغاي.
قەلەمدىن تارىخنىڭ كۆزى ئېچىلغاي.
ئەقىل بېغىدا قۇشلار سايرىغاي.

قەلەم ئىجادقا كۆۋرۈك تىكلىگەي.
قاقشال قەلبدىن ئورمان كۆكلىگەي.
قەلەمدىن زېمىنغا نۇرلار تارىغاي.
كۆڭۈلدىن كۆڭۈل تاتلىق سۇ ئىچكەي.

مۇزلۇق قەلبتە ئوكيان چايقالغاي.
مۈگدىگەن يوللار چۆچۈپ ئويغانغاي.
قەلەمنىڭ شىكارى مەنىلىك بولغاي.
قەلەمدىن مەنزىلگە ئىشىك ئېچىلغاي.

**كامالى ئېھتىرام بىلەن:**

**كەمىنە ئىنىڭىز سۇلايمان قەييۇم**

2011 ـ يىل سېنتەبىر

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى



ۋەلى كېرەم كۆزئالىپ

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى

**1. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى**

ئىسىملار قارىماققا كىشىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتە قوللىنىلىدىغان بەلگىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان بارلىق كەچۈرمىشلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇنى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدىغان ۋاستە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. دېمىسىمۇ، «كىشى ئىسىملىرى يەر ناملىرىغا ئوخشاشلا بىر مىللەتنىڭ قەدىمكى ئۆتمۈشى، مەدەنىيەت قاتلىمى، دىنىي ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراشلىرىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم بىر بەلگە. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭمۇ ياخشى ئۇسۇلى.»[1]

«ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ۋە قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە خەلق بولۇپ، قەدىمكى قاراڭغۇ تارىخ دەۋرىگە ئائىت ئەپسانە - رىۋايەتلەردىلا (ئۇيغۇرلاردىكى) ئىسىم ھەم ئىسىم قويۇشقا دائىر تەپسىلىي تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن كلاسسىك داستانى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى ئەجدادى ئوغۇزنىڭ مۆۋەپپەقىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مىراسىدۇر. «ئوغۇزنامە»دىكى كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە بايان تۆۋەندىكىدەك:

‹ئاي› (تۇندىكى ئاي) ئاتلىق بىر ئايال خاقان (خان) بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. ئۇ ئوغۇلنىڭ يۈزى كۆك، ئېغىزى يالقۇندەك، قاش ۋە چاچلىرى قويۇق قارا، كۆزلىرى ئاچ قىزىل بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى (دەسلەپكى سۈتى)نى بىر قېتىملا ئېمىپ، قايتا ئەممەستىنلا، شاراب ئىچىپ گۆش يېيىشكە باشلايدۇ ھەم تىلى چىقىدۇ. 40 كۈن ئىچىدە چوڭ ئادەم بولىدۇ. بۇ بوۋاق دەل ئوغۇز خاقاندۇر. بۇ بۆلۈمدە ئوغۇز خاقانغا ئىسىم قويۇلۇش ئەھۋالى مۇنداق سۆزلىنىدۇ: ئۇ تۇغۇلۇپلا ئوزۇقلۇق ۋە ئانتىتېلا (مىكروبقا قارشى ماددا) تەركىبى ئىنتايىن مول بولغان ئوغۇز سۈتىنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن «ئوغۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئوغۇز»نىڭ ئۇيغۇر تىلى ھەم باشقا تۈركىي تىللار

گۇرۇپپىسىدىكى تىللاردىكى مەنىسى «دەسلەپكى سۈت» تۇر. بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر ئانىمىسىنىڭ قوي - كالىلارنىڭ ئوغۇز سۈتىنى پىشۇرۇپ، كىچىك بالىلىرىغا ئىچكۈزۈپ قويىدىغان ئادىتىنى كۆرەلەيمىز» [2].

تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە»دە ئىسىمغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق قۇرلار دىققەتكە سازاۋەر: «ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقىنىدا، (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنها ئولتۇرغان. ئۇ ساھىبجامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك پارقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى تۆمۈر قوزۇققا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھوشىدىن كەتتى، ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى، ئۇنى ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتتى، تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، تۇنجىسىغا كۈن دەپ، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى.

بىر كۈنى ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى، ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىنىدەك، چىشى ئۈنچىدەك ئىدى، ئۇ شۇنداق ساھىبجامال قىز ئىدىكى، يەر - جاھاندىكى كىشىلەر ئۇنى كۆرسە «ئاھ، ئاھ، جانىنى ئالىدىكەن» دەرلەر ئىدى. سۈت قىمىزغا ئايلاندى. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرگىنىدە ھوشىدىن كەتتى، يۈرىكىگە ئوت چۈشتى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى، ئۇنى ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتتى، تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ، ئۇ يەڭگىدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، تۇنجىسىغا كۆك، ئوتتۇرانچىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى» [3].

«ئوغۇزنامە»نىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن بىز ئەڭ ئاددىي بولغاندىمۇ مۇنداق ئۈچ ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز: بىرىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردىلا بوۋاقلارغا رەسمىي ئات قويۇش ئادىتىگە ئىگە ئىدى؛ ئىككىنچى، ئۇ چاغدىكى ئىسىملار ھەيۋەتلىك تەبىئەت ھادىسىلىرى، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار، تاغ - دېڭىز ۋە كۆك ئاسمان قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان؛ ئۈچىنچى، ئەرلەر ئىسمى بىلەن ئاياللار ئىسمى قاتتىق ئۆلچەم بىلەن ئايرىلمىغان. ئوغۇز خاقاننىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى «ئاي» ئىدى، كېيىن ئۇ بىرىنچى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوتتۇرانچى ئوغلىغىمۇ «ئاي» دەپ ئىسىم قويغان. خۇددى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا خاس ئىسىملارنى قوللىنىپ، كېيىن يەنە يېڭى ئىسىملارنى قوللانغانغا ئوخشاش، قەدىمكى دەۋردىكى ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئات قويۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە قوللىنىلغان «كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، دېڭىز» قاتارلىق كىشى ئىسىملىرى، ئېھتىمال ئىپتىدائىي ئېتىقاد، يەنى «ھەممە نەرسىنىڭ روھى بار، تەبىئەت كۈچى ئىنسانىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن ئانىمىزملىق قاراش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلەردىكى دەسلەپكى ئەجدادى «دەسلەپكى سۈت» مەنىسىدىكى «ئوغۇز» سۆزىنى ئىسىم قىلىپ قويغان. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، قەدىمكى تارىختا ھەقىقەتەن «ئوغۇز» نامى بىلەن ئاتالغان قەبىلە بولغان. مىلادىيە 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي قالدۇرغان قىممەتلىك مەدەنىي مىراس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بۇ ھەقتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ئۇچرايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي چۈشەندۈرۈپ: «ئوغۇز» - تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر، 22 ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قىنىق»نى يېتەكچى قىلغان بۇ 22 ئۇرۇقنىڭ نامىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادىنىڭ ئىسمىدۇر، دەيدۇ. بۇ چۈشەندۈرۈش «ئوغۇزنامە»دىكى ھەقىقىي تەركىبلەرنى تولۇق ئىسپاتلاش بىلەن بىللە قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ جەمەت ياكى قەبىلە نامىغا ئايلىنىش ئەھۋالىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ» [4].

تۈرك قاغانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە بۇ ئەنئەنە تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئىسىم قويۇشتا مەنبەلەر تېخىمۇ كۆپەيگەن، كىشىلەر تاق ئىسىملاردىن ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە غايىسىدىكى ئىسىملارنى قوللانغان، باتۇرلۇق،

قەھرىمانلىق ۋە سەلتەنەت تىكىپ تۇرىدىغان ئىسىملار يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا شەھەر ھاياتىغا كۆچكەن ۋە مەدەنىي ھايات كەچۈرگەن مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تارىختا نامى ئۆچمەيدىغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار خانلىقى تارىخچىلاردىن ۋېي لياڭتاۋ قاتارلىقلار بۇ خانلىقنى ئۇيغۇرلار قۇرغان دەپ قارايدۇ ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق خانلىقلارنى قۇرۇپ، مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئاجايىپ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. مانا مۇشۇ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم كونكرېت ئەھۋالىنى بىز ئەنە شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

دەرۋەقە، تارىختا كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان، كۆپ خىل يېزىق قوللانغان، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى نازۇك ئىش، چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن تا ھۇنلار دەۋرىدىن كۆكتۈرك خانلىقىغىچە خاتىرە قالدۇرۇلغان خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا (ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى) پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىغا، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىدا ساقلىنىپ قالغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرگە، ئەدەبىي، دىنىي يادىكارلىقلارغا، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان يېتۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئالەمشۇمۇل ئەسىرىگە، يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا، ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىغا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى دەۋرىدە يارىتىلغان سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىگە، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇرنىڭ «بابۇرنامە»سىگە، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدىي»سىگە، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە»، «شەجەرەئى تۈرك» ئەسەرلىرىگە، مەھمۇد جۇراسنىڭ «يىلنامە» (تارىخىي رەشىدىي زەيلى)سىگە، مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىگە، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدىي» ناملىق ئەسەرلىرىگە، شۇنداقلا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، بۇ ئەسەرلەرنىڭ گويا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى توپلانغان «ئىسىم خەزىنىسى» ئىكەنلىكىنى، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوقاتمىغان، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇش سۈپىتىدە يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلۋېغىدا مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشىدا ۋاستىلىق رول ئوينىغان ۋە بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىگە خاس مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ جانلىق بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنى مەلۇم نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان جانلىق ۋاستىگە ئايلانغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى غايەت زور خەزىنە، بۇ خەزىنىنى بىر تېما بىلەنلا يورۇتۇپ بېرىش، ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەپتىنى كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى كىشى ئىسىملىرى، يەنى (تېلىلار، دىڭلىڭلارنىڭ كىشى ئىسىملىرى)، كۆكتۈركلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى دېگەن ماۋزۇلاردا كونكرېت بايان قىلىشقا تىرىشىمىز. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كىشى ئىسىملىرىنى بولسا قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى، خوجىلار ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى، ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى ۋە كۈنىمىزدىكى كىشى ئىسىملىرى دېگەن ماۋزۇلاردا يورۇتۇپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلىمىز.

### 2. ھۇن ۋە قاڭقىللار دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى

www.uyghurkitap.com

تۈركشۇناسلار ئورتاق قارىشىچە، مىلادىيەدىن ئىلگەرى 3 - ئەسىرلەردە باش كۆتۈرگەن ھۇن تەڭرىقۇتلۇقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى (ھۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) ئىچىدە ئىپتىدائىي تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. دەل مانا مۇشۇ سەۋەبتىن، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى بولمىش تېلىلار، قاڭقىلارنىڭ ئىسىملىرىغا ۋاستىلىك ھالدا ئېرىشەلەيمىز. بەزىلەر ئۇيغۇرلار بىلەن مېيتىنىڭ مەنبەدەش دەپ قاراۋاتقان ھۇنلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرىدىن تۇمەن تەڭرىقۇت، ئۇنىڭ ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇتلارنىڭ ئىسمى (يەنى، تۇمەن، باتۇر دېگەن ئىسىملار) تا ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ئىزچىل ھالدا ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا. «تەڭرىقۇت» نىڭ مەنىسى «تەڭرى قۇت بەرگەن ئوغۇل» ياكى «تەڭرى سەلتەنەت، بەخت ۋە دۆلەت ئاتا قىلغان ئوغۇل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى زامان ئىسىملىرىمىزدىكى «خۇدا بەردى» دېگەن ئىسىممۇ مانا مۇشۇ ئىسىمنىڭ زامانىمىزدىكى داۋامى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئىسىملىرىدىن يەنە «كۆكخان» (قايۇق)، «كۈنچىن»، «ئېلچى»، «غۇيادى» (قۇتئالدى ؟)، «قوغۇشار» (قۇتئاشار)، «قۇتئۇش» (قۇتئەش)، «ئارقۇ»، «غۇجىن»، «قانقۇي»، «ئېلتېكىن» قاتارلىق تەڭرىقۇت ئىسىملىرىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

«مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ئالتاي تىلى ئۈچ چوڭ ئائىلىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئىسىملاردىكى مىللىيلىكمۇ روشەن ئايرىلىپ چىقتى. قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدە تەپەككۇر جەھەتتىكى ئازادلىك، ئاددىي - ساددىلىق، پىسخىكا جەھەتتىكى تەبىئەتتەك كەڭ - كۇشادلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان بولسا، مىلادىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئىسىملىرىدا رېئال تارىخىي ئەھمىيەتكە، ئوبيېكتىپ ئېھتىياجغا ئۇيغۇنلىشىشتەك خاھىش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ» [5].

دەرۋەقە، ھۇن دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى چۈشىنىشلىك، ئاددىي بولۇش، مەقسەتنى بىۋاستە ئىپادىلەش، ئېتىقاد ۋە كۈچ - قۇدرەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇلاردا تەبىئەت ئېتىقادچىلىق سەۋەبىدىن كۈن، ئاي دېگەن ئىسىملار، تاغ، دېڭىز، يۇلتۇز، دېگەندەك ئاسمان جىسىملىرى؛ ئارسلان، بارس، قاپلان، بۆرىگە ئوخشاش باتۇر، جاسارەتلىك يىرتقۇچ ھايۋانلار؛ بۈركۈت، شۇڭقار، لاچىن، توغانغا ئوخشاش يىرتقۇچ قۇشلار ناملىرى ئەرلەرگە كۆپرەك قويۇلغان، شۇنداقلا يەنە تىلدىكى باتۇرلۇق، جاسارەت، مەردلىك ۋە مەردانىلىققا ئائىت سۆزلەرمۇ ئىسىم ئورنىدا قويۇلغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ھۇن چەۋەندازلىرىنىڭ جاسارىتى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادى، ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭ قىلىشتىكى پاراستى، جەڭگىۋارلىقى، ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئىسىملارغا ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولغان.

ھۇنلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىمۇ ئۇلارنىڭ روھى ۋە دۇنيا قارىشى، گۈزەللىك قارىشى، كەلگۈسىدىكى پەرزەنتلىرىنىڭ جاسارەتلىك، ئىستىقباللىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ قويۇلغان ئىسىملار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. بىز ھۇن ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدىكى جەڭگىۋار ھالەت ۋە دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ تاكى كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە داۋاملاشقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ھۇن دەۋرىدىن كېيىن، بىپايان كەتكەن شىمالىي يايلاق، يەنى ھىنگان تاغلىرىدىن باشلاپ تا ئوتتۇرا ئاسىياغىچە سوزۇلغان بىپايان زېمىندا يايلاق مىللەتلىرى بىرىنىڭ ئىزىنى يەنە بىرى بېسىپ دەۋران سۈرۈپ كەلدى ۋە ئوتتۇرا ئىقلىمدىكى خانلىقلار بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ، تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. مۇتلەق بىر قىسىم تارىخچىلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى دەپ قارىلىۋاتقان تۆلەسلەر (تېلىلار)، قاڭقىلار ناھايىتى قەدىمكى قوۋم بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ياشاش ئۇسۇلى ھۇنلار بىلەن خېلى ئوخشاش بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇلار تىل، تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە ياشاش ئۇسۇلى جەھەتتە ھۇنلارنىڭكىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. بۇ دەۋردە ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا تەڭرىقۇت ۋە سەلتەنەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان خاس ئى-

سىملار كۆپ قويۇلمىغان بولسىمۇ، قەبىلە، ئۇرۇقنى بەلگە قىلغان ئىسىملار، ئاسمان جىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ھالەتلىرى، ئۆسۈملۈك، ھايۋانلارنىڭ نامىلىرى ۋە كۈچتۈگۈرلۈك، باتۇرلۇق، جاسارەت، ئەركەكلىك تېمىپ تۇرىدىغان ئىسىملار بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلەيتتى. قوغۇرسۇ ئالتۇن، بەگچى، بەگئارسلان، كۈرشاد (باتۇر ۋە سەلتەنەتلىك ئوغۇل)، چابىش (چاپقۇچى، باتۇر)، ئېركىن (ئەركىن، ھۆر، شاد- خۇرام ياشىغۇچى)، بايان (باياشات، سەلتەنەتلىك ۋە قۇتلۇق كىشى)، ئىلتېكىن (ئەلنىڭ مەرتىۋىلىك، شاھزادە سۈپەت ئوغلى)... دېگەندەك ئىسىملار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ھۇن دەۋرىدىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 3- ئەسىردىن كېيىن، شىمالدىكى بىپايان يايلاقلاردا بىر مەھەل ھەرقايسى سۇ، ئوت قوغلىشىپ ياشىغۇچى قوۋملار بۆلۈنمە ھالەتتە ياشىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن جۇرجانلار ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ، شىمالدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇردى. ئەنە شۇ چاغدىمۇ تۆلەس (تېلى) قەبىلىلىرى بايقال كۆلى ۋە ئالتاي تېغى ئەتراپىدا ياشاپ، جۇرجانلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى. شۇنداق بولغاچقا شىمال يايلاقلىرىنى جۇرجان ھاكىمىيىتى بىلەن تۆلەسلەر (تېلىلار) ۋە باشقا تۈركىي يىللىق قەبىلىلەر بىلەن ئۆزئارا گىرەلەشمە كۈرەش جەريانى دەپ تەسۋىرلەشكە بولىدۇ. ياشاش مۇھىتىنىڭ تەسىرى، ئۆزلىرىگە قەدىمدىن بېرى ئەن- قائىدە بولۇپ ئۆزلەشكەن تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى، مىللىي كۆز قاراش، گۈزەللىك قارىشى، شۇ دەۋرنىڭ تەقەززاسى (ئۇرۇش- تالاش ۋە تۇرمۇشنى قامداش ئېھتىياجى) تۈپەيلىدىن ئەركەكلەر تىنچلىق ۋاقتىدا پادىچى، ئۇرۇش ۋاقتىدا چەۋەنداز (ئاتلىق ئەسكەر) بولۇش رولىنى ئۆتەيدىغان بولغاچقا، بەدەندىكى تەبىئىي قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدىن ئۇستۇن جەڭگىۋارلىق بۇ چاغدىكى ھەرقايسى يايلاق مىللەتلىرى تەلپۈنىدىغان ئومۇمىي روھىي كەيپىياتقا ئايلانغان. شۇنداق بولغاچقا ئۇلاردا ئەركەك ئىسىملىرىدا شىر ۋە يولۋاستەك چەبدەسلىك، كۆزىدىن ئوت ياندىغان بۆرىلەردەك باتۇرلۇق، قەيسەرلىك ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان ئىسىملاردىن، يولبارس، ئارسلان، بۆرە، ياغما (ئۇرۇشخۇمار)، سانچار، ئۇتار، بايات (باي- باياشات، بەختىيار)، قۇچار... دېگەندەك ئىسىملار ناھايىتى كۆپ قويۇلغان. قىزلار ئىسمىغا بولسا گۈزەللىك ۋە لاتاپەتنى، تەبىئىي گۈزەللىكنى بىلدۈرىدىغان تۈرلۈك تاغ گۈللىرىنىڭ، كېيىككە ئوخشاش تېرىسى ۋە تۇرقى ناھايىتى گۈزەل بولغان ھايۋانلارنىڭ، ئاق قۇ ۋە باشقا ئۇچار قاناتلارنىڭ ئىسىملىرى قويۇلغاندىن باشقا، يەنە ئاسمان جىسىملىرى، بولۇپمۇ ئاي، يۇلتۇز، كۈنگە ئوخشاش ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنىڭ نامىلىرى ئىسىم قىلىپ قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ دەۋرنى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاددىي، تەبىئىي ۋە ساپ باسقۇچى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز.

### 3. كۆكتۈركلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى

تارىخ چاقى ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن چۆرگىلەپ، شىمالدىكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئورنىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. جۇرجان خانلىقىنىڭ ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەسىگە ئۇچرىغان تۆلەس ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جۇرجانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى كۈرەشلىرى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. شۇ كۈرەشلەرنىڭ نەتىجىسىدە، ئەسلىدە ئالتاي تېغى باغرىدا چارۋا بېقىپ تېرىكچىلىك قىلىدىغان، قوشۇمچە تۆمۈر تاۋلاشنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلغان كۆكتۈركلەر تېزدىن كۈچىيىشكە باشلىدى ۋە مىلادىيە 552- يىلى تۇمەن قاغان باشچىلىقىدا كۆكتۈرك خانلىقى تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇردى، جۈملىدىن نۇرغۇن تېلى قەبىلىلىرىمۇ بۇ قاغانلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن كۆكتۈركلەر بىۋاستە ھالدا جۇرجان خانلىقىغا تەھدىت پەيدا قىلدى، ھەتتا جۇرجان قاغانىدىن قىزىنى سورىدى، جۇرجان قاغانى ئاناغاي غەزەپلىنىپ: «سىلەر مېنىڭ تۆمۈرچى قۇللىرىم تۇرۇقلۇق، يەنە مەندىن قىز سوراشقا قانداق پېتىنىشتىڭ!» دەپ غەزەپ قىلىپ، ئەلچىلەرنى ئۆلتۈردى. تۇمەن قاغان كۈچلۈك چەۋەندازلىرىنى جازا يۈرۈشىگە ئاتلاندۇرۇپ، جۇرجان قاغانى ئاناغاينى ئۆلتۈرۈپ، بۇ خانلىقنى تارىخ سەھنىسىدىن يوقاتتى.

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى بولغان تۆلەس (تېلى)، قاڭقىل قەبىلىلىرىنىڭ ناھايىتى كەڭ زېمىنغا تارالغانلىقى ۋە قەبىلىلىرى، ئاھالىسىنىڭ كۆپلۈكى قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا كۆكتۈرك خانلى-

قى تەۋەسىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە تېلى قەبىلىلىرىنىڭ ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقى ئېنىق. مانا بۇ دەۋردە مەڭگۈتاشلاردا ۋە باشقا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇچرايدىغان كىشى ئىسىملىرىنى ھۇن ۋە تۆلەس (تېلى) دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىۋاستە ۋە تەبىئىي داۋامى دەپ قاراش مۇمكىن.

مىلادى 6 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئىقلىممۇ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر بىر ـ بىرى بىلەن زېمىن ۋە مەنپەئەت تالىشىپ ئاخىرى چىقماس ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ قالغان، شىمالدىكى بىپايان يايلاقتا بولسا جۇرجان خانلىقىنىڭ زۇلمى چېكىدىن ئاشقان، ھەرقايسى چوڭ قەبىلىلەر بۇ خانلىقنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان ناھايىتى ئاچقۇچلۇق دەۋردە تۇرۇۋاتاتتى. بۇ دەۋردە، كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى بىلەن تۈرلۈك مۇرەككەپ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە بولدى، ھەم ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى بېقىندۇرۇش، قوشۇۋېلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى ئۇرۇش تەپسىلىرى مەدھىيەلەنگەن، سۆز ـ جۈملىلەر، خەنزۇچە تارىخىي ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللار ۋە پارسچە، ئەرەبچە يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەرنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىۋالالايمىز.

مەيلى كۆكتۈركلەر بولسۇن ۋە مەيلى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بولسۇن، بەرىبىر ئوت، سۇ قوغلىشىپ ياشايدىغان يايلاق ئىگىلىكىنى ئۆزلىرىگە بەلگە قىلغان پۇقرالاردىن تەشكىل تاپقان مىللەت ۋە قەبىلىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن كىشى ئىسىملىرىمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەقەززاسى، تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن سەلتەنەت ۋە مەرتىۋىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ناملارنى، ئارزۇ ـ ئارمانلارنى، تىلەك ـ ئىلتىجالارنى ئۆزلىرىگە ئىسىم ۋە نام قىلىپ قويغان. كۆل ئېركىن (باغرى كۆلدەك كەڭ ۋە ئەركىن ـ ئازاد ھۆكۈمدار)، ئەلتۇتمىش (ئەلنى تۇتۇپ تۇرغۇچى، ھۆكۈمدارلىق قىلغۇچى)، قۇت تىرەك (قۇت ۋە بەختكە ئېرىشكۈچى، دۆلەت ۋە ئەلنىڭ يۆلەكى)، ئىلتەرىش (مىللەت ۋە دۆلەتنى تىرىلدۈرگۈچى)، ئەل ئەتمىش (ئەلنى باشقۇرغۇچى)... دېگەندەك ئىسىملار بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇلار يەنە مەردلىك، سېخىيلىق، ئەركەكلىكنى: باتۇرلۇق، بەردەملىك، ئېگىلمەس ـ سۇنماس جاسارەتنى بەلگە قىلغان ئىسىملارنى كۆپلەپ قويغان. مەسىلەن: ئالقايا، كۇچبارس، كۇلچۇر، ئالپچۇر، تۇغرۇل، ئارسلان، قىلىچ، ئەرتۇرك، قاراقان، لاچىن، بارسبەگ... ۋە باشقىلار.

قۇت ۋە بەختنى نىشان قىلغان ئىسىملارنىمۇ كۆپرەك قويغان. مەسىلەن: قۇتلۇق بىلگە كۆل قادىرخان، قۇتلۇق تۇغمىش قاغان، قۇت تېكىن، قۇت سانغۇن، قۇتچۇر دېگەندەك ئىسىملار. مانا بۇ ئىسىملاردىكى «قۇت» قوشۇمچىسى ئۇلانغان ئىسىملار قەدىمكى پۇراققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، بۈگۈنكى كۈندە يېڭى ئىسىملار كەڭ ـ كۆلەمدە قويۇلماقتا. «قۇتلۇق» دېگەن ئىسىمنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە قويۇلۇۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىزچىللىقى ۋە داۋاملىشىشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىمىزگە سالىدۇ.

ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئائىت ئىسىملارمۇ كۆپلەپ قويۇلغان. بۇنداق ئىسىملار ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئەخلاق ـ پەزىلەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئەردەم» سۆزىگە زۆرۈر قوشۇمچە بۆلەكلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىسىملاردىن تەركىب تاپقان. مەسىلەن: ئەردەمبەگ، ئەردەملىك، ئەردەمقان... دېگەندەك. ئۇنىڭدىن باشقا نومۇسچانلىق، ئىپپەت ۋە باشقا ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ياتىدىغان ئىسىملارمۇ كۆپلەپ قويۇلغان.

بىلىم ۋە مەرىپەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان، مەرىپەتلىك بولۇش نىشان قىلىنغان ئىسىملارمۇ بۇ دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بىلگە تونيۇقۇق، كۆل بىلگە، بىلگە قاغان، بۆگۈ قاغان، ئۆگە... دېگەندەك ئىسىملار بۇنىڭ روشەن دەلىلى بولالايدۇ. بۇ ئىسىملارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشىغا قارايدىغان بولساق، بۇنداق ئىسىملار ئاساسەن كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تازا گۈللەنگەن، نىسپىي مۇقىم مەزگىللىرىدە كۆپرەك قويۇلغان.

تۆۋەندە بەزى مۇھىم ۋە كۆپرەك قويۇلغان بىر قانچە ئىسىمنى تەپسىلىيرەك ئىزاھلاپ ئۆتىمىز:

ئاغۇش ئىنال — ئاغۇش (يۈكسىلىش)، ئىنال (ئىشەنچلىك، ئېتىبارلىق).

ئالپ ئۇرۇنۇ تۇتۇق — ئالپ (يىگىت، قەھرىمان)،

ئورۇن (بايراق)، تۇتۇق (مەرتىۋە نامى).

ئالتۇغا — ئال (ئالماق)، تۇغ (بايراق)؛ ئال (قىزىل)، تۇغۇ (كۈنچىقىش، كۈنتوغۇش).

ئالتۇن تامغان تارقان — ئالتۇن (قىزىل)، تامغا (مۆھۈر. تامغا)، تارقان (مەرتىۋە نامى).

بارس قان — بارس (يولۋاس)، قان (نەسىل ياكى «خان» سۆزىنىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى).

بىلگە قاغان — بىلگە (بىلىملىك، بىلگۈچى)، قاغان (خاقان، ھۆكۈمدار).

ئەل توغان — ئەل (ئەل، خەلق، دۆلەت)، توغان (بۈركۈتنىڭ بىر خىلى).

ئەلچى چور — ئەلچى (ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغۇچى)، چور (لەشكىرىي ئۇنۋان نامى).

ئەرەن ئۇلۇغ — ئەرەن (يىگىت، جەسۇر)، ئۇلۇغ (ئۇلۇغ، بۈيۈك).

ئۆستەمى — ئارزۇ - ئۆستەكلىك، ھۆرلۈك، ئەركىنلىكنى خالىغۇچى.

ياغلاقار — ياغلا (ئۇرۇشماق، ھۇجۇم قىلماق، دۈشمەنگە قارشى تۇرماق)، قار (ئىسىم ياسىغۇچى پېئىل قوشۇمچىسى).

يارۇق تېكىن — يارۇق (نۇر، شەپەق، كۈن)، تېكىن (شاھزادە، شاھنىڭ ئوغلى).

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى ئىسىملارمۇ بۇ دەۋردە كۆپرەك قويۇلغان:

كۈچ قارا، كۈچ ئۆگە. قاپاغان (بۆرتۈپ چىققان، باشقىلاردىن ئارتۇق بولغان)، ئوغۇل بارس، ئون تۇتۇق، ئۆز يىگىن ئالپ تۇران، ئۆز ئاپا تۇتۇق، ئۆزمىش تېكىن، تاي بىلگە تۇتۇق. تاي ئۆگە، توق بۆگۈت، تۇز باي كۈچ بارس، ئۇلۇغ ئەركىن. ياۋاش تۇتۇق، كۆك ئاماش تۇتۇق، تەكەش، تۈنيۇقۇق، ئوغراچ (ئۇچرىشىش، تىركىشىش)... ۋە باشقىلار.

ئومۇمەن كۆكتۈركلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يەنىلا جەڭگىۋارلىقنى، قەيسەرلىكنى، غۇرۇر-ئىپتىخارغا تويۇنغان ئىسىملار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلىم - مەرىپەت، ئەخلاق - پەزىلەت ۋە نومۇس، ئىنسانىي غۇرۇرنى تەشەببۇس قىلىدىغان، سۆزۈك ئىنسانىيلىقنى نامايان قىلىدىغان ئىسىملارمۇ ناھايىتى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بىز بۇ ئىسىملاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاكىز ئىنسانىي روھىنى، دۇنيانى تونۇش، ئىنسانلىقنى تونۇش، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى مەردلىك، مەغرۇرلۇق ۋە يۈكسەك غۇرۇرنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

### 4. قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مىلادى 840 - يىلىغا كەلگەندە، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر، خانلىق ئىچىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت ۋە بېقىندۇرۇلغان قىرغىز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن تارىخ سەھنىسىدىن چېكىندى، ئۇنىڭ ئاھالىلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كۆچتى، بىر قىسمى جەنۇبقا — ھازىرقى گەنسۇنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا، يەنە بىر قىسمى بەشبالىق، تۇرپان قاراشەھەر ۋە كۇسەن (كۇچار)غا، يەنە بىر قىسمى يەتتەسۇ ۋە قەشقەرگە كۆچتى. بۇلار كېيىنچە ئۆز ئالدىغا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى (850 — 1028) قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى (866 — 1393) ۋە قاراخانىلار خانلىقى (870 — 1212) قاتارلىق خانلىقلارنى قۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى ئىزچىل ھالدا مانى دىنى ۋە بۇددا دىنى مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى خانلىقلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىي ھاياتى بىر - بىرىگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى، جۈملىدىن شۇ دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرىدا بىر مۇنچە ئورتاقلىقلار بار بولغاچقا، بۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىرئاز ئەقىلگە مۇۋاپىق. قاراخانىلار خانلىقى 10 - ئەسىردە 3 - ئەۋلاد خانى ساتۇق بۇغراخاننىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئومۇميۈزلۈك ئۆتكەن بولغاچقا، بۇ دەۋردىكى ئىسىملاردا ئۆز ئىسمى، دىنىي ئىسىم (ئىسلامچە ئىسىم) بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. بىز مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئىسلامدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بۆلىكىدە بايان قىلىمىز.

ئۇيغۇر قوچۇ (ئىدىقۇت) خانلىقىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داۋامى دېيىش مۇمكىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ خانلىق ئورخۇن بويىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىلىرى خانلىق يوقالغاندىن كېيىن بەشبالىق، تۇرپان، قاراشە-

www.uyghurkitap.com

ھەر، كۆچارلارغا كېلىپ يەرلىشىپ، بۇ يەردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان خانلىقتۇر، شۇنداقلا بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەر ھاياتىغا كۆچكەنلىكىنىڭ جانلىق بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك ئالىممىز مەھمۇد كاشغەرىي «ئەڭ ساپ، ئەڭ ئوچۇق تىل»دا سۆزلىشىدۇ دەپ تىلغا ئالغان «ئۇيغۇر ئېلى» ياكى «ئۇيغۇرلار» دەل قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىنى، كەڭرەك ئېيتقاندا قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

بىز قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىنى شۇ دەۋردىن قېپقالغان ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەردىن، سالام خەتلەردىن ۋە بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەردىن روشەن ھېس قىلالايمىز. بۇ يادىكارلىقلار خۇددى شۇ دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرى توپلانغان «ئىسىم قوللانمىسى»غا ئوخشاش بولۇپ، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغاندا، بۇ ئىسىملاردىن شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قاراشلىرى، ئېتىقادى، ئارزۇ ـ ئارمان، تىلەكلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ ئىككى خانلىقنىڭ مەدەنىيىتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى مانى ۋە بۇددا دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كىشى ئىسىملىرىدا ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، يەنە مانى ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت ئاتالغۇلار، دىنىي ئەمەل، دەرىجە ناملىرى، دىنىي ئەۋلىيالارنىڭ ناملىرىنىڭمۇ كىشى ئىسىملىرىدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى روشەن ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

«قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ناھايىتى زور دەرىجىدە قەدىمكى تۈرك ـ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى، جۈملىدىن كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىغا ۋارىسلىق قىلدى، شۇنداقلا بېيىتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە، قەدىمكى ھىندى (سانسكرىت)، توخار، سوغدى، خەنزۇ، ئەرەب، پارس قاتارلىق مىللەتلەر كىشى ئىسىملىرىنىڭمۇ مۇئەييەن تەسىرىگە ئۇچرىدى، مۇنداق ئەھۋال ئۆز دەۋرىدىكى قوچۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى» [6].

قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىق دەۋرىدىكى يادىكارلىقلار خېلى بۇرۇنلا تۈركشۇناسلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە دىققىتىنى قوزغىغان ۋە تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. گېرمانىيەلىك تۈركلوگ، ئۇيغۇرشۇناس ئانىبمارىيە ۋون گاباتىن خانىمنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، بىز ئۇنىڭ «قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق، بۇ خانلىقنىڭ ئەينى دەۋردىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان مەدەنىي ھاياتىنى، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز، جۈملىدىن شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلىرىنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز. ئومۇمەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، بۇ خانلىقتا خۇددى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندې «ئىدىقۇتقا ئەلچىلىك خاتىرىسى»دە تىلغا ئالغاندەك، ئاساسىي ئاھالە ئۇيغۇرلاردىن باشقا، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەردىن شىمالىي تۈركلەر، جەنۇبىي تۈركلەر، باسمىللار، قارلۇقلار بار ئىدى. شۇڭا بۇ دەۋردىكى نۇرغۇن كىشى ئىسىملىرىدا قەبىلە ناملىرىنى بەلگە قىلغان ئىسىملار ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: مەركىت، قاراي، قىپچاق، قىتايبۇرت، قىتايبۇقا، ياغلاقار ئىنال، ئۇيغۇر تاپمىش، ئاپا تېگىن، تاتار... دېگەندەك. كىشى ئىسمىنى شۇ كىشى تەۋە بولغان قەبىلە ناملىرى بىلەن ئاتاش كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدىن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق دەۋرلەردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت بولۇپ، بۇ شۇ دەۋرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ۋە قەبىلىلەر ئارا مۇناسىۋەت ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن ئادەت ئىدى. يايلاق ئىگىلىكى دەۋرىدە ياشاۋاتقان كۆكتۈركلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ھەر بىر كىشى ئالدى بىرەر قەبىلىگە تەۋە ئىدى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى شۇ قەبىلىگە مەڭگۈلۈك (ئەۋلادمۇئەۋلاد) باغلىنىپ كەتكەنىدى. ھەرقانداق بىر قەبىلە ئەزاسى ئۆزى تەۋە بولغان قەبىلىدىن مەڭگۈ پەخىرلىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولاتتى. مانا مۇشۇنداق ئالىيجاناب ئىنسانىي روھ ئۇلارنى ھەر دائىم ئىل-

ھاملاندۇرۇپ، جېنىغا جان قوشۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داۋامى دەپ قاراشقا بولىدىغان قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىدا يايلاق ئىگىلىكى دەۋرىدىكى بۇ قائىدىنىڭ ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىدىن ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىشىغا كۈچلۈك ياردەمدە بولغان قوۋمىغا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى بېرىدۇ ۋە ئۆزىنى «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن!» دەپ جاكارلايدۇ. ئوغۇزخان لەشكىرىي يۈرۈشلىرى داۋامىدا ئۆزىگە سادىق بولغان، بىرەر ئالاھىدە ۋەقەگە يولۇققان كىشىگە بىرەر نامنى ھەدىيە قىلىدۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى شۇ نامدىكى قەبىلە بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئېتى قارلىق تاغ جىلغىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكتىن، ئاتىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، قارلىق تاغدا ئون - يىگىرمە كۈن ياشاپ ئېتىنى تېپىپ كەلگەن، ئۈستىبېشىنى قار قاپلاپ، خۇددى «قار ئادەم»گە ئوخشاپ قالغان ئادىمىگە «قارلىق» (قارلىق دالىدا ياشىغۇچى) دېگەن نامنى بېرىدۇ، قارلىق (قارلۇق) قەبىلىسى مانا شۇ كىشىنىڭ نەسلىدىن تارىلىدۇ؛ دەرەخ كاۋىكىدا تۇغۇلغان ئوغۇلغا «قىپچاق» (دەرەخ كاۋىكى) دەپ نام قويىدۇ، قىپچاق قەبىلىسى شۇ ئوغۇلنىڭ نەسلىدىن تارىلىدۇ؛ ھارۋا ياساپ ئۇرۇش ئولجىلىرىنى توشۇغان ئادەمگە قەدىمكى ئۇيغۇرچە قانىغا (ھارۋا) دەپ نام بېرىدۇ، پۈتكۈل قاڭقىلىلار بۇ كىشىنىڭ نەسلىدىن تارىلىدۇ؛ قوشۇنىنىڭ كەينىدە قالغان، خوتۇنى تۇغقانلىقتىن بىرنەچچە كۈن ئاچ قالسىمۇ يېتىشكەن بىر كىشىگە «قالاچ» (ئاچ قالغۇچى) دەپ نام بېرىدۇ... ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەبىلە - ئۇرۇق نامىلىرىنىڭ كىشى ئىسمى سۈپىتىدە ياكى كىشى ئىسمىغا قوشۇلۇپ قوللىنىلىشى ئەنە شۇ ئەنئەنىنىڭ بىۋاسىتە داۋامىدىن ئىبارەت.

ئىككىنچى، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئولتۇراقلاشقان ۋە شەھەر ھاياتىغا كۆچكەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرغان ۋە ئۇنى بېيىتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتۈركلەر ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان كۈچتۈڭگۈرلۈك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، مەردۇ - مەردانىلىك مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان كىشى ئىسىملىرى ئىزچىل ھالدا قوللىنىلغان، بۇنداق ئىسىملارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باتۇر، يىرتقۇچ ھايۋان ۋە قۇشلار نامىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئارسلان، بۇقا، توغرىل (توغرۇل)، بۆرى (بۆرە) دېگەندەك ئىسىملار كەڭ - كۆلەمدە قوللىنىلغاندىن باشقا، بۇ ناملار بىلەن ياسالغان قوشما ئىسىملارمۇ ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. «ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى قەدىمكى دەۋرلەردە توتېم ھايۋان ھېسابلاپ چوقۇنغان ۋە ئۇلۇغلىغان ھايۋانلاردۇر. چۈنكى تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى ۋە تۈرلۈك لەقەملىرى مەلۇم جەھەتتە قەدىمكى توتېم ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن»[7]. «ئارسلان» نامى قوشۇلۇپ كەلگەن ئىسىملار: ئارسلان توڭا، بىتكەچىبەگ ئارسلان، قۇمار ئارسلان، ئالپ ئارسلان، ئەرك ئارسلان، ئارسلان بالبان قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، «بۇقا»، «توڭا» (قاپلان)، «بارس» (يولۋاس)، «توغرىل» (توغرۇل) قاتارلىق ناملار بىلەن ياسالغان قوشما ئىسىملارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەسىلەن: بارس بۇقا، بېگبۇقا، تەمىر بۇقا، سابى بۇقا، ئىش بۇقا، ئەل بۇقا، باي بۇقا؛ تاتارتوڭا (تاتاتوڭا)، توڭا ئالپ، توڭا تېگىن، توڭا بەگ؛ خوتۇن توغرۇل، ئۈزمىس توغرۇل، ئەدگۈ توغرۇل؛ باي بۆرى، بۆرى باقشى قاتارلىقلار. بۇ ئىسىملاردىكى بۆرى (بۆرە)، ئارسلان، توڭا، توغرۇل قاتارلىق ھايۋانلار كىشىلەرنى باتۇرلۇققا، قەيسەرلىككە، مەردۇ - مەردانىلىككە ئۈندەيدىغان ۋە ئىلھام بېرىپ تۇرىدىغان، تەبىئىتى جەڭگىۋار ھايۋانلار تۈرىگە كىرىدۇ. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى «توغرۇل» دېگەن قۇش بۈركۈتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، جۈغى كىچىكرەك، ئەمما ناھايىتى باتۇر، ئالغۇر بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان «回鹘» دېگەن نامنىڭ ئەمەلىيەتتە ئاشۇ «توغرۇل»نىڭ نامىدىن كەلگەنلىكىنى كېيىنكى تەتقىقاتلار ئىسپاتلىماقتا. مانا بۇلارغا قارىغاندىمۇ بىز قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ يايلاق دەۋرىدىكى ئەنئەنىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئۈچىنچى، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىغا «تەمۇر» (تۆمۇر) سۆزى قوشۇلغان. «تۆمۇر» دېگەن ئىسىم ھازىرمۇ

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ - كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە. بىز بىلە-
مىزكى، تۆمۈر تۇرمۇشتا ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى راۋاجلان-
دۇرۇشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان مېتاللارنىڭ بىرى، ئۆي
سايمانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇ تۆمۈردىن ياسىلىدۇ.
يەنە كېلىپ تۆمۈر ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە قاتتىقلىق، بەر-
دەملىك، قەيسەرلىكنىڭ سىمۋولى. شۇنداقلا تۆمۈر تاۋلاش
ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئېتىقاد ئادەتلىرى قەدىم-
كى تۈركلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدە كۆپ
ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقىمىز ئارىسىدا ھازىرمۇ بالى-
غا «تۆمۈر» دەپ ئىسىم قويۇلسا، چوڭ بولغاندا باتۇر،
قەيسەر، بەردەم ئادەم بولىدۇ، دەيدىغان قاراش ناھايىتى
قويۇق. قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە
«تەمۈر» بىلەن ياسالغان قوشما ئىسىملار بەگ - تۆرىلەر ئا-
رىسىدىلا ئەمەس، كەڭ ئاۋام ئارىسىدىمۇ كەڭ - كۆلەمدە
قوللىنىلغان. مەسىلەن: تەمۈر، ملىك تەمۈر، ئەل تەمۈر، توق
تەمۈر، ئاسان (ئېسەن) تەمۈر، مەڭگۈ تەمۈر، تەمۈر بۇقا،
چارا تەمۈر، بۇيان تەمۈر، قۇتلۇغ تەمۈر قاتارلىقلار. گابا-
ئىن خانىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تەمۈر»
سۆزى بىلەن ياسالغان خاس ئىسىملارنى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى
دەۋرىدىكى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىدىلا ياخشى كۆرۈپ قال-
ماستىن، بەلكى يەنە ئاۋام خەلقمۇ كەڭ قوللانغان. بۇ بىزگە
500 يىل ئىلگىرى ئالاھىدە بىر خىل تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكى-
سىنىڭ تۈركلەرنى جۇرجانلارنىڭ رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدىن ئەركىنلىككە ئېلىپ چىققانلىقىدەك تارىخىي ۋەقە-
نى ئەسلىتىدۇ.» نېمىلا بولمىسۇن، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر
خانلىقىدا «تەمۈر» (تۆمۈر) دېگەن نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىسىملار بىر خىل ئەنئەنىنىڭ، تارىخىي ئىزچىللىقنىڭ نىشا-
نى سۈپىتىدە كۈنىمىزگىچە يېتىپ كېلىپ، كىشى ئىسمى سۈ-
پىتىدە كەڭ - كۆلەمدە قوللىنىلماقتا، بۇمۇ بىزنى ئىنتايىن
سۆيۈندۈرىدىغان بىر ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە دائىرىسى كېڭىيىپ، كىشى-
لەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى، ئېستېتىك ئېڭىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن-
لىشىشقا باشلىغان. بۇ دەۋردە خېلى كۆپ قىسىم ئىسىملارغا
قارا، ئاق، كۆك، سارىغ (سېرىق) دېگەندەك رەڭ نامىلىرى-
نىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى بۇ قارىشىمىزنى روشەن ھالدا دەلىل-
لەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە قارا دېگەن سۆز بىلەن
باغلىنىپ كەلگەن كىشى ئىسىملىرى ئاۋام خەلق ئارىسىدا
كەڭ تۈردە قوللىنىلغان. مەسىلەن: بۆلۈك قارا، تۆلەك قارا،
ملىك قارا، ئالتۇن قارا دېگەندەك. مەلۇمكى ھازىرقى تىلى-
مىزدا «قارا» سۆزى نوقۇل ھالدا قارا رەڭنى، قارىلىقنى، قا-
رىغا مايىللىقنى بىلدۈرىدۇ. جانلىق تىلدا ئاندا - ساندا،
«زور، قۇدرەت، ئۇلۇغ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.
«قارا كۈچ»، «قارا يامغۇر»، «قارا بوران» دېگەندەك
نامىلاردىن بىز بۇ سۆزنىڭ باشقا مەنىسىنى ھېس قىلالايمىز.
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قارا» سۆزى ئۇلۇغلۇق، يۈكسەك-
لىكنىڭ سىمۋولىنى ئىپادىلىگەن. قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇلۇغ
ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى «قارا قوچۇ»، يەنى
ئۇلۇغ قوچۇ ئېلى دېگەن مەنىدە. «قاراخانىلار» نامىدىكى
«قارا»مۇ ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىكنى بىلدۈرىدۇ. ھازىر
خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيەسىدە ياشايدىغان ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى (ياكى يولباشچىسى)
نىڭ ئىسمىمۇ قارا (قاراباش) ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا،
«قارا» سۆزى بىلەن ياسالغان كىشى ئىسىملىرى ئۇلۇغ
ئارزۇ - ئۈمىدلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ئاتا - ئانىلارنىڭ
گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلىرى ئارقىلىق بالىلىرىغا قويۇلغان،
شۇنداقلا بۇ نام كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋە
تەلپۈنۈشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلانغان.

بەشىنچى، قەدىمكى دەۋرلەردە يۇقىرى تەبىقە كىشىلە-
رى، بەگ - تۆرىلەر بىلەن ئاۋامنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتىدە
كەسكىن پەرق قىلىدىغان، ھېچ بولمىغاندا پەرقلىق ئىسىم
قوللىنىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. بۇنداق ئادەتنىڭ شە-
كىللىنىشى ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە جەمئىيەت
ئەھۋالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇ سەۋەبتىن ئىدىقۇت
ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقە كىشى-
لىرى «ئەل» (ئىل) سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ ياسالغان ئى-
سىملارنى قوللىنىشنى ياخشى كۆرگەن. بۇنداق ئەھۋال
كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىمۇ ئۇچراي-
دۇ. كۆكتۈرك قاغانلىرىدىن ئەلتەرىش، ئەلتابار، قاتارلىق
قاغانلارنىڭ ئىسىملىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئومۇمەن
«ئەل» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان ئىسىملار كۆپىنچە دۆ-
لەتمەن كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپرەك قوللىنىلغان. مەسىلەن:
ئەل قايا، ئەل ئالمىش، ئەل يىغمىش، ئەل تۇزمىش، ئەل
ئىنانچ قاتارلىقلار. بۇنداق كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىشى

شۇ كىشىنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقپەرۋەر ھۆكۈمران بولۇش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈشنى ئالىي نىشان قىلىشتەك ئىدىيەسىنىمۇ مەلۇم نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالتىنچى، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ئەمەل-مەنسەپ، دىنىي ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزلەشكەن بىر قىسىم خەنزۇچە، سانسكرىتچە ۋە ئەرەبچە ئىسىملارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: سىڭقو سەلى تۇتۇڭ، ئەل تويىن، سىتۇڭ سەلى تىرەك، تۇتۇق سەنگۈن، بۇرخان قۇلى، نوم قۇلى، مايترى، بۇتاشرى، پاپامقارا... يەنە ئەرەبچە ئىسىملاردىن ھەسەن، مۇبارەكقوچ قاتارلىق ئىسىملار ئۇچرايدۇ. بۇنداق بولۇشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان. گابائىن خانىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۈگۈنكى ياۋروپادا ئەرەب تىلىدىن ئۆزلەشكەن ئىسىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىسى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن باشتىن-ئاخىر ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن: سەلما دېگەن بۇ ئىسىم ئەرەبچىدىن كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئاياللارنىڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىسمىغا ئايلانغان. شۇنىڭغا ئوخشاش قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىدە ئۇچرايدىغان خەنزۇچە ئىسىملار ھەرگىزمۇ خەنزۇلارنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى بىر خىل كەڭ تارقالغان ئادەت ياكى شەخسىي خاھىش تۈپەيلىدىن تاللىۋېلىنغان...»[8]

يەتتىنچى، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر ئىسىملىرى ئىچىدە قىز-ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنغان. بۇنداق بولۇشى شۇ دەۋردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يادىكارلىقلار ئىچىدە قىز-ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار بىر قەدەر ئاز. شۇنداق بولسىمۇ ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە دائىر يازما يادىكارلىقلاردىن بەزى خوتۇن-قىزلارنىڭ ئىسىملىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئارىغ (پاكىز)، كۈن سىلىگ، كۆركلۈگ، ئايچەچەك، كۈسامىش (ئۈمىد) قاتارلىقلار.

«قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوللىنىلغان كىشى ئىسىملىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت گۈللەنگەن، كىشىلەرنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئىش ۋە ھۈنەر-كەسپلىرى كۆپ خىللاشقان، نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن، گۈزەللىك قاراشلىرى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى كۆپەيگەن ۋە يۈكسەكلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بىز بۇ ئىسىملارنىڭ مۇرەككەپ قاتلىمىدىن ئەينى دەۋردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۆپ خىل تىل، كۆپ خىل دىن ۋە مەدەنىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن مەدەنىيەتلەر تىندۇرمىسىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز...» «ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى كۆپ خىل، مەدەنىيەت قاتلىمى چوڭقۇر بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ تۇرپان ۋە قومۇل رايونىدىكى ئۇيغۇرلار قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىغا بىۋاسىتە ۋارىسلىق قىلدى. ئىسلامىيەت ئېتىقادى ئەڭ كېيىن ئومۇملاشقان قومۇل رايونىدا، قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە قوللانغان بىر قىسىم ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار، مەسىلەن: ئاق ئايلا ئاقبەگ، ئاقتوقاش، ئايتۆرۈك، ئايخان، تاشتۆمۈر، تەكەخان، توختاشخان، تۇران، تۇرخان، تۇراخان، تۆلەن، چىنتاشخان، قاراكۆز، قاراقاش، مەڭلىك قاتارلىق ئىسىملار ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە» [9].

ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار كۆپ خىل دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان، بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى بەزى چاغلاردا تولىمۇ كۈچىيىپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، ئومۇمەن، ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قوللىنىش ئەنئەنىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان، بۇددا، مانى ۋە نېستورى دىنلىرىنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇ دىننى كۈچەپ تەرغىپ قىلغۇچى زىيالىيلار ئۆزلىرىگە شۇ دىندا ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان ناملارنى ئىسىم قىلىپ قويۇۋالغان بولسىمۇ (بۇنداق ئىسىملار كۆپىنچە شۇ دىندا مەلۇم نەتىجىگە ئېرىشكەندە قويۇلىدۇ)، يەنىلا ساپ ئۇيغۇرچە، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، يېقىملىق، قوللىنىشقا ئەپلىك، قىسقا ۋە جانلىق ئىسىملارنى قوللىنىش يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. يەنە شۇ-

www.uyghurkitap.com

نىمۇ ھېس قىلىش مۇمكىنكى، «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئىسمىنىڭ كەينىگە يۇرتىنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاتاش ئارقىلىق ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ھالبۇكى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز مىللىتى، قەبىلىسى ۋە ئۇرۇقىنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ مىللىي روھىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر، شاھقۇلى ئۇيغۇر، ئۇيغۇر قاغان، ئۇيغۇر باخشى، ئۇيغۇرتاي، ئەكرەنج ئۇيغۇر، ياغلاقار بىلگە، قوغۇرسۇ ئالتۇن، قاسار تېكىن، سوغدۇبەگ، باسمىل بەگ، سارىغ تاتار... قاتارلىق. ئۇيغۇر دېگەن ئېتنىك نامنى ئادەم ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىش تاكى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى. «تارىخىي رەشىدىي»دە نەۋايىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى كىچىك ئۇيغۇر باخشى ئىكەنلىكى زىكىر قىلىنىدۇ. «تارىخىي خانى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورىمۇ ئۇيغۇر باخشى دەپ ئاتالغان. يۇقىرىقى ئىسىملاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش سەنئىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ زور بىر تارىخىي يۇغۇرۇلۇش دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇۋاتقان مىللىي تەركىبلەرنىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلۇغ پەيلاسوپ، شائىر يۈسۈف خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى «تۆت مۇنار» (تۆت پېرسوناژ)غا ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن ئايتولدى (دۆلەت ۋە ئىقبالنىڭ سىمۋولى)، كۈنتۇغدى ئىلىك (ئادالەت ۋە توغرىلىق سىمۋولى)، ئۆگدۈلمىش (ئەقىل ـ پاراسەت سىمۋولى)، ئودغۇرمىش (شۈكۈر ـ قانائەت سىمۋولى) دېگەن چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ ساپلىقى ۋە مىللىيلىكىنى نامايان قىلىشتا ئۆچمەس ئۆلگە يارىتىدۇ»[10].

## 5. قاراخانىلار دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرى

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى نەچچە يىلغا سوزۇلغان تەبىئىي ئاپەت، قەبىلىلەر توقۇنۇشىنىڭ ئېغىرلىشىشى، بېقىندۇرۇلغان قەبىلىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇداخىلىسى تۈپەيلىدىن ھالاك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاھالىلىرى ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كۆچتى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى، خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئۆتمەيلا گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى؛ شەرقتە قومۇلدىن غەربتە كۇچارغىچە، شىمالدا ئالتايدىن جەنۇبتا چاقىلىق ـ چەرچەنگىچە بولغان كەڭ زېمىنغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىنى؛ ئىلى ـ يەتتىسۇ، پەرغانە ـ قەشقەر تەرەپلەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار قاراخانىلار خانلىقىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا بەلبېغىدا غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناشقا باشلىدى.

ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بۇ ئۈچ خانلىق ئاھالىسى دەسلەپكى دەۋرلەردە تىل ـ يېزىق، ئېتىقاد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئاساسەن ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خانلىقلاردىكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئىلگىرىكى كۆچمەنچىلىكتىن ئولتۇراق ھاياتقا كۆچۈپ، يېزا ۋە شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزلىرى بىلەن ئېتنىك جەھەتتىن يېقىن كېلىدىغان ئاھالىلەر بىلەن سىڭىشىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا يېمەك ـ ئىچمەكتىن تارتىپ كىيىم ـ كېچەككىچە، تەن قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ مىزاج ـ خىلىتقىچە، ئىلگىرىكى ئەجدادلىرىغا ئوخشىمايدىغان بەزى پەرقلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراخانىلار دەۋرىدە ناھايىتى زور ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭى دىن — ئىسلام دىنى ھەدەپ شەرققە كېڭىيىۋاتاتتى. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك ھۆكۈمدارلار ئەرەبلەرنىڭ ئىستېلاسىغا قارشى ئوڭۇشلۇق جەڭلەرنى قىلغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەرگە بارغاندا، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بۇ دىنغا بارغانچە مايىللىقى ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ـ تاجىك مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دۆلىتى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلار يېقىن قوشنىسى بولغان قاراخانىلارغا ئېتىقاد جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ سامانىيلار خانلىقى كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىشكە يۈزلەندى، ئوردىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ئەۋجىگە چىقتى، جايلاردىكى لەشكىرىي ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ، پادىشاھقا بويسۇنماس بولۇۋالدى. دەل مانا مۇشۇ سىياسىي كۈرەشلەر جەريانىدا، سىياسىي پاناھلىق تىلەپ قاراخانىلار زېمىنىغا ئۆتكەن خانزادە ئەبۇ ناسىر سامانىي، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تەخت دەۋاگىرى ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى. 932 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ خانلىق تەختىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ

ئېلان قىلدى ۋە بۇ دىننى مەجبۇرىي تارقىتىشقا تۇتۇش
قىلدى. ئۇ ئۆزىمۇ ساتۇق (سېتۇۋەتتۇق، بەخشەندە
قىلدۇق، دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىسمىغا يانداشتۇرۇپ «ئابد-
ۇلكەرىم» دېگەن ئىسلامىي ئىسمنى قوللاندى. مانا
بۇنىڭ نەتىجىسىدە قاراخانىلار دۆلىتى تەۋەسىدە ئىسلام دى-
نىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا
ئومۇمىي بولغان ئاللانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى (يەنى ئەسما-
ئۇل ھۇسنا)، قۇرئان كەرىمدە نامى تىلغا ئېلىنىدىغان پەي-
غەمبەرلەرنىڭ ئىسىملىرى، بۈيۈك ئىسلام خەلىپىلىرى،
ھەدىس شەرىفلەردە نامى تىلغا ئېلىنغۇچى ئىسلام ئۇلۇغلىرى-
نىڭ ئىسىملىرى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى،
ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىسىملىرى، ئومۇمەن، ئىسلام دۇن-
ياسىغا ئومۇمىي بولغان، ئىسلام ئېتىقادىدىكىلەرنىڭ ئىسىم
قويۇش ئەنئەنىسى ئاستا - ئاستا ئومۇملىشىشقا باشلىدى.
بۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار خانلىقى تۈركىيلەر ئوتتۇرا ئاسىيادا
قۇرغان دۆلەتلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى ئەڭ بۇرۇن دۆلەت
دىنى قىلغان خانلىق بولۇپ قالدى ۋە مەدەنىيەت، يېزىق
جەھەتتىن قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر
خانلىقى بىلەن بولغان پەرقى كۆرۈندىن - كۆنگە زورىيىشقا
باشلىدى.

قاراخانىلار خانلىقىدا ئىسلام دىنى ھۆكۈمدارلار سىنى-
پى تەرىپىدىن ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلىنغان ۋە كېڭەيتىل-
گەن بولغاچقا، يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا يېزىق ۋە
ئۆرپ-ئادەت، تۇرمۇش ئۇسۇلىدا «ئەرەبچىلىشىش» دول-
قۇنى تېز لا ئەۋج ئالدى. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يې-
زىقىنىڭ ئورنىغا ئەرەب يېزىقى قوللىنىلدى، تۇرمۇش ئۇسۇ-
لى ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتتىنمۇ ئەرەبلەرنى قارىغۇلارچە
ئۆرنەك قىلىش خاھىشى كۆتۈرۈلدى، شۇنىڭغا مۇناسىپ
ھالدا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىمۇ ئەرەبچە ئىسىملار
كۆندىن - كۆنگە كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئادەم ئىسىملىرى بىر ئادەمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاجرالماس
ھەمراھى ۋە بەلگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرى قاتلام كى-
شىلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنىڭ نىشانى سۈپى-
تىدە ئەرەبچە ئىسىملار قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرچە
ئىسىملارنىڭ بىراقلا تاشلىۋېتىلمىگەنلىكىنى، قاراخانىلار
دەۋرىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ خېلى بىر مەزگىلگىچە ئەس-
لىنى يوقاتمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈ-
ۋالالايمىز. ئۇنداق بولمىغىنىدا ساتۇق بۇغراخاندىن تەخمى-
نەن بىر ئەسىر كېيىن ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىبنىڭ شاھا-
نە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تۆت خىل تىپقا ۋەكىللىك
قىلىدىغان پېرسوناژلارنىڭ ئىسىملىرى ئۇيغۇرچە بولماي،
ئەرەبچە بولغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھارۇن بۇغراخان
ۋە باشقا بىرقانچە خاننىڭ ھەم ئۇيغۇرچە، ھەم ئەرەبچە
ئىسمى بار ئىدى، قىزىقارلىقى بۇ ئىسىملاردىن ئۇيغۇرچە ئى-
سىملىرى تا ھازىرغىچە مەشھۇر بولماقتا. چۈنكى «ئىسلامى-
يەتنى تۇنجى بولۇپ دۆلەت دىنى قىلغان سۇلتان ساتۇق
بۇغراخانمۇ ئەرەبچە ئابدۇلكەرىم ئىسمىنى ئىشلەتكەنىدى.
قاراخانىلار دەۋرىدە خاقان ۋە سۇلتانلارنىڭ ئىسىملىرى تا-
مامەن ئەرەبچە بولماستىن، تۈركچە ئىسىملارنىمۇ بىرگە
ئىشلەتكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. بۇ دەۋردىكى زىيالىي تەبىقى-
دىكىلەرگە قارىغىنىمىزدا، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسەن ئە-
رەبچىلەشكەنلىكىنى، ھەتتا ئەرەب ئىسىم - فامىلە ئادىتىنى
قوبۇل قىلغانلىقىنى ئوڭايلا بايقاش مۇمكىن. مەسىلەن: فارا-
بى (تولۇق ئىسمى: ئەبۇ نەسىر بىننى مۇھەممەد بىننى
تارخان بىننى ئۇزلۇق فارابى)، كاشغەرىي (تولۇق ئىسمى:
مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن كاشغەرىي)، يۈكنەكى (تولۇق
ئىسمى: ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى)، خاراباتى (تولۇق
ئىسمى: مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى)، مۆجىزى
(تولۇق ئىسمى: موللا ئىسمەتۇللاھ بىننى موللا نىمەتۇللاھ)،
ناقىس (تولۇق ئىسمى: سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇقادىر)…
گە ئوخشاش. بۇ خىل ئەھۋال ئەسلىدە ئىسلامىيەتنى قوبۇل
قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوقۇغان زىيالىي تەبىقى-
سىدە نىسبەتەن ئومۇملاشقان ئەھۋال ئىدى»[11].

شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر كىشى ئى-
سىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆتكۈنچى دەۋر، يەنى ئۇيغۇرچە
ئىسىملار يەنىلا ئاساس، ئەرەبچە ئىسىملار دىنىي ئېتىقاد
ئېھتىياجى سەۋەبىدىن قويۇلغان (ئەسلىي ئىسمى ئۇيغۇرچە،
ئەرەبچە ئىسمى توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام، ئۆلۈم - يېتىم
ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان، باشقا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇي-
غۇرچە ئىسمى قوللىنىلىدۇ). بۇنداق ئىسىم ھادىسىسى ئىسلا-
مىيەتنى كېيىن قوبۇل قىلغان قومۇل ئۇيغۇرلىرىدا كۆپ كۆ-
رۈلىدۇ. ئادەتتە تۇرمۇشتا ئۇيغۇرچە ئىسمى قوللىنىلىدۇ،
تويى بولغاندا، نوپۇسقا ئالدۇرغاندا، ئوقۇشقا بارغاندا ياكى
ۋاپات بولغاندا، دىنىي ئىسمى بويىچە ھەر خىل ئۆرپ-

ئادەت رەسمىيەتلىرى بىجىرىلىدۇ. بۇ ھال خۇيزۇلاردىمۇ ناھايىتى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە قاراخانىلار خانلىقى خوتەن بىلەن قىلغان 47 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا، خوتەننى ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلغاندىن كېيىن، دىنىنىڭ ئاساسى شۇنچە مۇستەھكەملەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئىچكى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇيغۇرچە ئىسمنى قوللىنىش خاھىشى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنى ۋە ئەقىدىسى كىشىلەر ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولسىمۇ، ئەمما مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك، «ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك تىلى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك» ھالەتتە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرغان ھۆكۈمدارلار تۈرك نەسللىك بولغاچقا، تىلنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى قوغداش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۆز ئەسلىنى ساقلاپ قالغان، شۇنداقلا ئەرەبچە مۇقەددەس ئىسىملارغا يۈزلەنگەن. بۇ ھادىسىنى مەيلى زامان نۇقتىسىدىن ۋە مەيلى ئېتىقاد نۇقتىسىدىن بولسۇن، تەبىئىي ياكى نورمال ھادىسە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بولمىسا مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دىۋانىدىكى سۆزلەرنى ساپلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان تىل بايلىقى بىلەن تولغان سۆزلەر بىلەن توشقۇزالمىغان، بەلكى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا «ئامالسىز» يول قويغان، ئورۇن بەرگەن بولار ئىدى. بىز «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»كە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ساپ ئۇيغۇرچە كىشى ئىسىملىرى بېرىلگەنلىكىنى، يەنە كىشى ئىسمى قىلىپ قوللىنىشقا بولىدىغان نۇرغۇن تىل ئېلېمېنتلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئومۇمەن، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا، بۇ خانلىقنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي خانلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشى، بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېرىيەسىنىڭ زاۋال تېپىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددا دىنىدىكى غەربىي قىتان خانلىقىنىڭ تۇيۇقسىز كۈچىيىپ ئارىغا قىسىلىشى ۋە قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلارنى بېقىندى خانلىق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، خارەزىم شاھلار دۆلىتى بىلەن پۈت تېپىشىشى نەتىجىسىدە، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەلتەنىتى ئىلگىرىكىدەك ھەيۋەتلىك بولالمىدى، دىنىنىڭ كېڭىيىش ۋە تارقىلىش يوللىرىمۇ تارىيىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام مۇرتلىرى بىلەن غەيرىي دىندىكىلەر بىرگە ياشايدىغان، بىر ـ بىرىگە مەدەنىيەت جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىدىغان قاتمال ھالەت شەكىللەندى. دىنىي كەيپىياتنىڭ سۇسلىشىشى ياكى بىر خىلدا توختاپ قېلىشى، تىلنىڭ ساپلىقىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا تەسىر كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ساپلىقىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە قوغداپ قېلىندى.

12ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىپايان موڭغۇل ئېگىزلىكىدە، ئەسلىدىكى كۆكتۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ماكانىدا چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە تېز ئارىدىلا ئەتراپىدىكى خانلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ، زېمىنىنى ھىنگان تاغلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتتى. تاڭغۇتلار، ئالتۇن (جىن) خانلىقى، نايمان خانلىقى، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى، قارا قىتانلار خانلىقى، قاراخانىلار خانلىقى ئۇنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىردى. ئۇ يەنە ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ شۇ زاماندا ناھايىتى قۇدرەتلىك بولغان خارەزىم شاھلار دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ يىلغا يەتمەگەن ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ خانلىقنى گۇمران قىلدى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى جەنۇبىي جۇڭگو، شەرقىي شىمالىي ياۋروپا ۋە غەربىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىپ، نەچچە ئون يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاسىيا ـ ياۋروپاغا كېڭەيگەن بەھەيۋەت ئىمپېرىيەنى بارلىققا كەلتۈردى. چىڭگىزخاننىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا ئىسلام دۇنياسى بىلەن خىرىستىيان دۇنياسى مىسلىسىز ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى، نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، سەلتەنەتلىك شەھەرلەر، مەدەنىيەت مەركەزلىرى ۋەيران قىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ شامان ئېتىقادىدا تۇرغاچقا، پۈتكۈل ئىمپېرىيە دائىرىسىدە مەلۇم بىر دىن يېتەكچى ئورۇندا بولمىغان، ھەر خىل دىن، ھەر خىل مىللەتلەر ئارىلىشىپ كەتكەن ئارىلاشما مەدەنىيەت ھادىسىسى كۆرۈلدى.

بۇ دەۋردە يەنە شۇنى تىلغا ئالماي بولمايدۇكى، چىڭگىزخاننىڭ بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا چىڭگىزخان «بەشىنچى ئوغلۇم» دەپ ئاتىغان قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارتتېكىن ناھايىتى زور خىزمەت

كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىلقاچان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن مەدەنىي ھايات كەچۈرگەن، ئۆزىگە خاس دۆلەت تۈزۈلمىسى، ھاكىمىيەت تەشكىلى بولغان ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدە دەپتەردارلىق، لەشكىرىي قوماندان، ۋەزىر ۋە باشقا مەمۇرىي، لەشكىرىي ئەمەللەرنى تۇتۇپ، بۇ چوڭ ھەم كېلەڭسىز ئىمپېرىيەنىڭ تىنچلىق زامانلىرىدا گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى كۆرسەتتى. بىز 1240 - يىلى يېزىپ تاماملانغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن كىتابقا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن نۇرغۇن كىشى ئىسىملىرىنىڭ ساپ ئۇيغۇرچە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، ھەتتا چىڭگىزخاننىڭ بارچۇق ئارتتېكىنگە بەرگەن قىزىنىڭ ئىسمى «ئالئالتۇن» بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «قىزىل ئالتۇن» دېگەنلىك بولاتتى. («ئال»نىڭ مەنىسى قىزىل، يەنى ھال رەڭنى كۆرسىتىدۇ).

چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل دۆلىتىدە شۇنچە كۆپ ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، دۆلەت ئاپپاراتلىرى ۋە لەشكىرىي ساھەدە خىزمەت قىلىشى بىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى موڭغۇللار، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئاناتولىيەگىچە تارالدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۆزىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى، ئېستېتىك ئېڭى، تۇرمۇش ئادىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ماسلاشقان ھالدا كېڭىيىپ باردى ۋە تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.

## 6. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

چىڭگىزخان بىرقاتار بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، بۇ زېمىنلارنى تۆت ئوغلىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن زېمىنلار تارىختا «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالدى. «چاغاتاي ئۇلۇسىغا قاراشلىق زېمىنلار ئاساسەن ئىلى دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى يەتتە سۇ رايونى، ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان ماۋارائۇننەھر رايونى ۋە قۇچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق كۇسەن (كۇچا) شەھىرىنىڭ غەربىدىكى غەربىي تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن ئىبارەت ئىدى» [12].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى شەرقتىكى تۈركچە (قارلۇق — ئۇيغۇر) گۇرۇپپىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەدەنىيەت، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردىن ناھايىتى زور ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاغاتاي خان جەمەتى موڭغۇللارنىڭ بۇرۇنقى ئېتىقادىدا، يەرلىك خەلق ئارىسىدا ئىسلام ئېتىقادى بىرقەدەر كۈچلۈك ئىدى. چاغاتاي خانلىرىمۇ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى يولغا قويغان بولغاچقا، مىللەتلەر ۋە ھەرقايسى دىنلار ئىناق ئۆتىدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەنىدى. مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىتتا ئۇيغۇرلار چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىغا ئوڭۇشلۇق كىرگەن، خانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا لەشكىرىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار كۆپلەپ ھوقۇق تۇتقانىدى.

بۇ دەۋردىكى كىشى ئىسىملىرىدە دىنىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىملارنى قوللىنىش بىرقەدەر كېڭەيگەن بولسىمۇ، ئەمما ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارغىمۇ مۇئەييەن ئورۇن بار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى، يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان موڭغۇل خانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساپ ئۇيغۇرچە ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان، ئېسەن بۇغاخان، باراقخان، يەسۇن تۆمۈر، ساتىلمىش قاتۇن، مەڭلىك قاتۇن، تۆشتۆمۈر، بايانقۇلى، بەگچەك، سۇيۇرغاتمىش، سەۋىنچخان قاتارلىقلار بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاددىي خەلق ئارىسىدىمۇ بۇنداق ئىسىم قويۇش ئادىتى خېلى كۈچىيىپ قالغانىدى. چۈنكى 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، موڭغۇللارنىڭ خانلىق قۇرۇشىغا كۈچ چىقارغان دوغلات، جوراس، بارلاس قاتارلىق قەبىلىلەرمۇ ئۇيغۇرلىشىشقا باشلىغانىدى، بىر خانلىق ئىچىدىكى خەلقلەر ئېتىقاد ۋە مىللەت جەھەتتىن بىرلىككە كېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقتىن، ئىسىملاردىكى بۇنداق يۈزلىنىشمۇ تەبىئىي ھادىسە ئىدى.

1348 - يىلى 18 ياش چېغىدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان تۇغلۇق تۆمۈرخان نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 24 يېشىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە بۇ دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، قول ئاستىدىكى

بارلىق غەيرىي دىندىكى كىشىلەرنى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقىدا يەنە بىر قېتىم دىن ۋە مەدەنىيەت، تىل بىرلىككە كەلگەن ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىرى، بۇددا ۋە مانى دىنى مەدەنىيەت چەمبىرىكىدە تۇرۇۋاتقان قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقىغا شىددەتلىك دىنىي ئۇرۇشلارنى قوزغىدى، دىنغا كىرمىگەنلەرگە ناھايىتى قاتتىق ۋاستىلەرنى قوللاندى. مانا مۇشۇنداق ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى 1393 - يىلى تارىخ سەھنىسىدىن مەڭگۈلۈك يوقالدى. بۇنىڭ بىلەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى كېڭىيىپ، ئىسلام دىنى شەرققە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇرلار دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن يەنە بىرلىككە كېلىش باسقۇچىنى تاماملىدى.

بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش، رايونلار ئارا پەرقلەر ئازىيىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىملارنىڭ كىرىپ كېلىشى تارىخنىڭ مۇقەررەر ئېقىمىغا ئايلىنىپ قالدى.

مەيلى چاغاتاي خانلىقى بولسۇن (بۇ خانلىق كېيىنچە شەرقىي ۋە غەربىي چاغاتاي خانلىقى دەپ ئايرىلغان) ۋە مەيلى موغۇلىستان خانلىقى بولسۇن ۋە مەيلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى بولسۇن، ھەممىسى ئەمەلىيەتتە چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن تەخت تالىشىش، يەرلىك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، قوشنا ئەللەر بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەردە بولۇش جەريانىدا قۇرۇپ چىققان خانلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ خانلىقلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولسا، چاغاتاي خانلىقى يېڭى قۇرۇلغاندا، ئۇلارغا قاراشلىق ئاھالىلەرنىڭ مىللەت ۋە دىنىي ئېتىقادى باشقا - باشقا ئىدى، يەنى كۇچارنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدا، شەرقىدىكىلىرى بۇددا دىنىدا، موڭغۇللار شامان دىنىدا ئىدى. ئارىدىن 100 يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىدىكى موڭغۇللار يەرلىك ئاھالە بىلەن زور تۈركۈمدە قوشۇلۇشقا (تۈركلىشىش، ئۇيغۇرلىشىشقا)، ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە، خان جەمەتىدىكىلەر بولسا ئىسلام دىنىغا مايىللىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان 1348 - يىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن چاغاتاي خانلىقىدا ئېتىقاد بىرلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش بىلەن بىللە، كىشى ئىسىملىرىنى قوللىنىش جەھەتتىمۇ ئاستا - ئاستا بىرلىككە قاراپ يۈزلىنىش خاھىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. موغۇلىستان خانلىقى دەۋرىدە بۇ خىل خاھىش تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلەر تۈركۈملەپ كىرىشكە، ئۆزلىشىشكە، ئالدى بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدا، كىتاب، رىسالىلەردە ئومۇملىشىپ، كېيىن خەلق ئارىسىدا كېڭىيىشكە باشلىدى.

سۇلتان سەئىدخان 1512 - يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغاندىن باشلاپ خانلىق دائىرىسىدە ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالغان ياكى بىر خىلدا راۋاج تاپالمايۋاتقان مەدەنىيىتى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. بۇ چاغدا ئەدەبىيات - سەنئەتتىلا ئەمەس، باشقا تۈرلۈك ئىلىم ساھەلىرىدىمۇ نۇرغۇن سەمەرىلىك خىزمەتلەر ئىشلەندى. ئىلمى نۇجۇم، بىناكارلىق، تېبابەتچىلىك، ھۈنەرچىلىك قاتارلىق ئىلىملار نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. ھالبۇكى بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان بابۇرىيلار سۇلالىسىدە كۆتۈرۈلگەن پارس تىلى دولقۇنى نەتىجىسىدە، ئىلىم ئىگىلىرى ئەسەرلىرىنى ئالدى بىلەن پارس تىلىدا يازىدىغان خاھىش ئەۋج ئېلىپ، پارسچە نۇرغۇن سۆز ئەدەبىي تىلغىلا ئەمەس، خەلق تىلىغا سىڭىپ كىرىشكە تۈرتكە بولدى. بۇ دەۋردە يېزىلغان مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ «تارىخىي رەشىدىي» ئەسىرى، داڭلىق ئوردا تېۋىپى سۇلتان ئەلىنىڭ «دەستۇرۇل ئىلاج» ناملىق نوپۇزلۇق تېببىي كىتابى، مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخ» (تارىخىي رەشىدىي زەيلى) دېگەندەك ئەسەرلىرى پارس تىلىدا يېزىلدى ياكى ئالدى بىلەن پارس تىلىدا يېزىلىپ، ئاندىن تۈركىي (ئۇيغۇر) تىلىدا قايتا يېزىپ چىقىلدى. ئەسلىدە ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلانغان نۇرغۇن جەڭنامىلەر، خەلق داستانلىرى، چۆچەكلەر، باتۇرلار ھەققىدىكى قىسسەلەر مانا مۇشۇ دەۋردە تۈركۈملەپ تەرجىمە قىلىندى ۋە مەدداھلار تەرىپىدىن ئاغزاكى ئېيتىلىپ ئاۋام خەلقنىڭ ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى. تىل قو-

رولمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، يەنى ئەرەبچە ۋە
پارسچە ئىبارىلەر نىسبىتىنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە، خەلق
ئاممىسىدا كىشى ئىسىملىرىنى قويۇشتا، قايسى تىلدىكى ئى-
سىمنى قويۇشتا مايىللىقنىڭ قايسى تەرەپكە بولۇشىنى بەل-
گىلەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب تىلىدا ئەسلىدىكى
دىنىي تەسىردىن كىرگەن ئىسىملار، پارس ئەدەبىياتىدىكى
قەھرىمانلار ئىسىملىرى سەلدەك ئېقىپ قويۇلغاندىن باشقا،
يەنە ئەسلىدە ئەرەبچە ۋە پارسچە ئىسىملاردىن قوشما ئىسىم
ياساپ قويۇش خاھىشىمۇ خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالدى.

1682 ـ يىلى ئىلىنى بازا قىلغان جوڭغار خانلىقى
يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلغاندىن
كېيىن، «ئالتەشەھەر» يەنى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئاق
تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ 80 يىلغا سوزۇلغان
قورچاق ھاكىمىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويدى. خوجىلارنىڭ
كېلىپ چىقىشى ۋە ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، يەتمەكچى
بولغان غايىسى ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلارغا تۈپتىن ئوخشى-
مىغاچقا، ئۇلار خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، تەركىدۇنيا-
لىقنى تەشەببۇس قىلىش، ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن
بىللە، «خوجا»، «پىر»لارنىڭ پېشىغا ئېسىلىشتەك تەشەب-
بۇسى نەتىجىسىدە، خوجىلار جەمەتىدىلا ئەمەس، بەگ ـ
تۆرىلەر، بايلار، ھاللىقلار ئارىسىدىمۇ خوجىلارغا ئىخلاس
قىلىدىغانلار كۆپەيدى، شۇنداقلا كىشى ئىسىملىرىنىڭ قو-
رۇلمىسىدىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باش-
لىدى. ئەسلىدىكى تۇراقلىق بولۇپ كەتكەن ئىسىملارغا
«پىر»، «خوجا» دەيدىغان ئىسىملار قوشۇلغان ھالدا
ئىسىم قويۇش خاھىشى بارلىققا كەلدى ۋە بارغانچە كېڭەي-
دى. مەسىلەن: پىرمۇھەممەد، پىرىمدانا، پىرىمقۇل، خوجا-
نىيەت، خوجانىياز... قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، تەرى-
قەت چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەزى ئاتالغۇ-
لارمۇ ئىسىم قىلىپ قويۇلۇشقا باشلىدى. مەسىلەن: ئاللا-
دوست، سوپىيار، سوپىھاجى، نۇرەن، ئىشان... دېگەن-
دەك. بىز خوجىلار دەۋرىدە يېزىلغان «تەزكىرەئى ئەزى-
زان»غا ئوخشاش تارىخ ـ تەزكىرە ئەسەرلىرىگە قارايدى-
غان بولساق، كىشى ئىسىملىرىدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش ۋە
خاھىشنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

1760ـ يىلىغا كەلگەندە، قومۇلدىن تارتىپ تاكى
قەشقەرگىچە، ئالتايدىن تارتىپ خوتەنگىچە كىشى ئىسىمل-
رى جەھەتتە يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ۋە خوجىلار دەۋرى-
دىكى ئەنئەنە داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئۆزگە خاس
ئامىللارمۇ باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. كۆپ خىل تاللاش
يولى ئېچىلدى، كىم قانداق ئىسىمنى قويۇشنى خالىسا،
قانداق نىيەت، قانداق مەقسەتتە ئىسىم قويماقچى بولسا،
شۇنداق قويالايدىغان بولدى.

ئومۇمەن، تا قاراخانىلار خانلىقىدىن تارتىپ 20 ـ ئە-
سىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا، ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرى ئېتىقاد، باشقا تىللارنىڭ تەسىرى، خانلىق-
لارنىڭ ئالمىشىشى ۋە ھەر خىل سىياسىي، دىنىي، تۇرمۇش
جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى ۋە تەدرى-
جىي ھالدا ئىسلام دىنىدىكى ئىسىملار، ئۇنىڭدىن كېيىن
پارسچە ئىسىملار زور تۈركۈمدە قوللىنىلىشقا، ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىشقا
باشلىدى. بۇ قانداقتۇر مەجبۇرلاپ تېڭىش، قىسقا مۇددەت-
تە ئەمەلگە ئاشۇرۇش بولماستىن، بەلكى تەبىئىي، نورمال
تەرتىپتە ئۆزگىرىش ياسىغان، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارا-
ئىت، خەلقنىڭ مايىللىقى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۆزگى-
رىشلەردىن ئىبارەت. شۇنداقلا ئەرەبچە، پارسچە ئىسىم-
لارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتاش، چاقىرىش، تەلەپپۇز قائىدى-
لىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغاندىن كېيىنكى قوبۇل قىلىش بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ئۆتمۈشتە ھەر خىل كېسەللىكلەر، شارائىتنىڭ
جاپالىقلىقى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېڭى تۇغۇلغان
بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى
ئىدى. مانا بۇ ئەھۋال 1000 يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر كىشى
ئىسىملىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. تۇرسۇن، تۇردى، توختى،
تۆر، تۇراخۇن، تۇرغۇن دېگەندەك ئىسىملار بۇرۇنمۇ،
ھازىرمۇ كەڭ ـ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئۇيغۇرچە تەركىبلەر بىلەن ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەر-
نىڭ بىرىكىپ ئىسىم ياساش، قويۇشمۇ ئۇيغۇر كىشى ئى-
سىملىرىدىكى روشەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ.

### 7. ھازىرقى زاماندىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ يۈز-لىنىشى

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلاردا يې-
ڭىچە مائارىپ تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا، زامانىۋى مەدەنىـ

يەت ئاستا ـ ئاستا كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن ھازىرغىچە ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئەرەبچە، پارسچە تەركىبلەرنىڭ نىسبىتىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما، ئىسىملارنى زامان، ماكان تەلىپىگە ئاساسەن قويۇش، مەنىسىنى چۈشەنمەي قويۇشتىن چۈشىنىپ قويۇش، گۈزەل، جەڭگىۋار، يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان، تەلەپپۇز قىلىشقا ئاسان كېلىدىغان ئىسىملارنى تاللاپ قويۇش خاھىشى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا ئەركىن، ئازات، بەختىيار، دىلشات، يالقۇن، ئۇچقۇن، دولقۇن، جەۋلان، جۇشقۇن... دېگەندەك ئىسىملارنىڭ كۆپلەپ قويۇلۇشىمۇ مانا شۇ خاھىشنى زور دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭلىككە قاراپ يۈزلەندى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ساپ ئۇيغۇرچە جەڭگىۋار ئىسىملار تۈركولوگىيە ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ قېزىلىپ، ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئەقلى ئويغاق، يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى يۇقىرى، ھەم ئەنئەنە، ھەم يېڭىلىق تەرەپدارى بولغان بىر قىسىم ئىلغار كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا 1000 يىللاردىن بېرى سىڭىپ كەتكەن ئەرەبچە، پارسچە ئىسىملارنىمۇ قوللىنىش، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئىسىملاردىنمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە پايدىلىنىش خاھىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تۇغۇلغان بوۋاقلارغا قويۇلغان ئىسىملار دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى، دۇنيا قارىشىنى، ئىنتىلىشىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئۇيغۇرلاردا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، زامانىۋى ئىلىم تەربىيەسى ئالغان زىيالىيلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قويۇلۇش شەكلى، قوللىنىلىشى، مەزمۇن دائىرىسى روشەن ھالدا كېڭىيىپ باردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئەڭ بۇرۇن يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى باشلانغان ۋە رۇسىيە ئارقىلىق ياۋروپا مەدەنىيىتى بىلەن ئەڭ بۇرۇن ئۇچراشقان چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئەركىن، ئازات، يالقۇن قاتارلىق ئىسىملارنىڭ كۆپلەپ قويۇلۇشى مۇشۇ دەۋردىكى دەۋرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى، كىشىلەرنىڭ دەۋردىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، دەپ ئېيتساق خاتا كەتمەيدۇ. چۈنكى شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئەمدىلەتتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان، زىيالىيلار قاتلىمى شەھەرلەردە ئەمدىلەتتىن شەكىللىنىشكە باشلىغان، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆلىمى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تاتارىستاندىن شىنجاڭغا ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار ۋە بايلار كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش، مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشقا چاقىردى. ئادالەت، ھۆرىيەت دېگەندەك قىزلار ئىسىملىرىدىمۇ روشەن ھالدا مۇشۇ دەۋر ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان كىشى ئىسىملىرى ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۇغۇلغان بوۋاقلارغا كۆپلەپ قويۇلغان، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ كىشى ئىسىملىرىدىكى روشەن ئىپادىسى بولۇپ قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئازادلىق، ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن كىشىلەر بۇ خىل ۋەزىيەتتىن تولىمۇ سۆيۈنگەن ھالدا، تۇغۇلغان ئوغۇللىرىغا ئەركىن، ئازات، بەختىيار، دەۋرانجان، زامان، ئامان، دىلشات، مۇرات، مۇختار، دۆلەت، ئەرك، ئەركىلىك... دېگەندەك بىر قاتار ئىسىملارنى قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئازاد زامانغا بولغان تونۇشىنى، ئازاد زاماندىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان. يەر ئىسلاھاتى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرىدا دولقۇن، ئۇچقۇن، يالقۇن، جاسارەت، تۇرغۇن، تۇغلۇق، غەيرەت، غالىب، جەسۇر، قۇدرەت، پەرھاد، پىدا، قەھرىمان، جۇشقۇن، ئىلغار، ئۆركەش، قاينام، تاشقىن، ئىلھام، پولات، كۆرەش، چىنتۆمۈر، قەيسەر قاتارلىق ئىسىملارنىڭ كۆرۈلۈشى ۋە بىر مەھەل مودىغا ئايلىنىشىمۇ مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى غەيرەت ـ شىجائەت، ئازادلىق، شاد ـ خوراملىق، بەختىيارلىق، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش، دۆلەتكە

تۆھپە قوشۇشقا ئائىت ئىسىملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ يىللاردا قېزىپ چىقىلىپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا ئىسىم سۈپىتىدە قويۇلۇشقا باشلىغان، بۇنداق ئىسىملار ئەلۋەتتە زىيالىي ياشلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆپلەپ قويۇلغان.

سىياسىي بوران - چاپقۇنلار ئۆتۈپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يىللىرى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەش بارلىققا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە، ئازادلىقتىن تاكى ئىسلاھات دەۋرىگىچە بولغان يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان، جۇشقۇنلۇق، قەھرىمانلىق، جەسۇرلۇق، تىرىشچانلىق، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا بېغىشلانغان ئىسىملار زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدىن كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىغا تارقىلىشقا، كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشقا باشلىدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن 90 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرھاد، قەيسەر، غالىب، غەيرەت، يالقۇن، ئۇچقۇن، جەسۇر، قاتارلىق ئىسىملار ئەڭ يىراق مەھەللىلەرگىچە تارقىلىپ كەتتى، ھەتتا بىر مەھەللىدە بەش - ئون پەرھاد، قەيسەر، ئىلھام دېگەن ئىسىملىك ئوغۇللار بارلىققا كەلدى. قىزلارنىڭ ئىسمىمۇ ئىلگىرىكى چەكلىك ئىسىملارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، تولىمۇ كەڭلىككە قاراپ يۈزلەندى. چىرايلىقلىق، نازۇكلۇق، يۇمرانلىق، خۇشخۇيلۇق، يېقىملىقلىققا ئائىت ئىسىملار بۇ دەۋردىكى قىزلىرىمىزغا كۆپلەپ قويۇلدى. بولۇپمۇ ئادالەت، سائادەت، ئىسلاھات، گۈزەلنۇر، خىسلەت، ساھىبجامال، نازاكەت، دىلئارا، ماھىرە، ئىلمنۇر، بەدىنۇر، ئەدىبە، مۇنەۋۋەر، ئىقبالە... دېگەندەك زامانغا خاس ۋە زاماننىڭ تەقەززاسى، ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىنتىلىشى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىسىملارنىڭ كۆپلەپ قويۇلۇشى مۇشۇ دەۋردىكى قىزلار ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن مەيلى ئوغۇللار ئىسىملىرى بولسۇن ۋە مەيلى قىزلار ئىسىملىرى بولسۇن، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، دەۋرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يېڭى، گۈزەل، يېقىملىق ئىسىملارنى ھەممە ئاتا - ئانا ئىجاد قىلىۋەرمەيدۇ، بەزى ئوقۇمۇشلۇق ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە يېڭى ئىسىملارنى تاللاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ئىسىم ئەتراپتا مەشھۇر بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرغانلار بالىسى تۇغۇلسا چوقۇم مۇشۇ ئىسىمنى قويۇشنى نىيەت قىلىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ئىسىم بىر نەچچە پەرزەنتكە قويۇلىدۇ، ئاندىن بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق يۆتكىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزى يىللاردا ئوغۇللار ئىسىملىرىدىن بىر نەچچىسى، قىزلار ئىسىملىرىدىن بىر نەچچىسى «مودا» بولىدۇ، بىز ھازىرقى زامان كىشى ئىسىملىرى باسقۇچى دەپ ئاتاۋاتقان 70 - 80 يىل مابەينىدىكى كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، بۇنداق ھادىسىنىڭ تولىمۇ ئېغىر ۋە ئومۇملاشقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. بەزى يۇرتلاردا «ئەلقۇت» دېگەن ئىسىم مودا بولغان بولسا، بەزى يۇرتلاردا «ئايقۇت» دېگەن قىزلار ئىسمى مودا بولۇۋاتقان، بەزى يۇرتلاردا «ئوغۇز»، «ئالپ» دېگەن ئوغۇللار ئىسىملىرى مودا بولسا، يەنە بەزى يۇرتلاردا «ئايچېچەك»، «كۈنچېچەك» دېگەن ئىسىملار مودا بولۇۋاتقان. مانا مۇشۇ ئىسىمدىكى مودا قوغلىشىشمۇ يېڭىچە ئىسىملارنىڭ تېزدىن يۇرت - يۇرتلارغا ئومۇملىشىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولماقتا.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدە يەنە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەندى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەسەرلەر نۇقتىلىق قېزىلىپ، مەتبۇئات يۈزى كۆرۈشكە باشلىدى. ئورخۇن - يېنسەي يېزىقىدىكى مەڭگۈتاش تېكىستلىرى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، «ئالتۇن يارۇق»، «تۇرپان تېكىستلىرى»، «شەجەرەئى تۈرك»، «قورقۇت ئاتا ھېكايىلىرى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» قاتارلىق ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ قېزىلىشىغا، چەت ئەل ۋە مەملىكىتىمىزدىكى نوپۇزلۇق ئۇيغۇرشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىل - يېزىقىغا بولغان قىزىقىشى كۈنسېرى ئېشىپ باردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر زىيالىيلە

رى ئارىسىدا تەبىئىي ھالدا «يىلتىز ئىزدەش» قىزغىنلىقى
كۆتۈرۈلۈپ، فامىلە قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىشنى باش
تېما قىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، ئىلمىي مۇنازىرد-
لەر قوزغالدى، ھەرقايسى نوپۇزلۇق گېزىت - ژۇرناللارمۇ
بۇ تەشەببۇسقا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، بۇ تۈردىكى ماقالە-
لەرنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ نە-
تىجىسىدە كىشىلەردە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارغا ئۇيغۇر-
لارنىڭ «يىلتىزى»نى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، ئەنئە-
نىۋىلىكى كۈچلۈك، ئەجداد روھىغا چوڭقۇر، ھەم جەڭگى-
ۋارلىقنى، ھەم چوڭقۇر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئى-
سىملار قويۇلۇشقا باشلىدى. ئالىپ، ئىلتەرىش، ئايتېكىن،
ئوغۇز، تۇغلۇق، تۇران، تۇرانئاي، ئۇيغۇرىيە، ئايچېچەك،
كۈنچېچەك، ئايتىلەك، ئايدىڭ قاتارلىق ئىسىملار مانا مۇ-
شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. خەلقىمىز ئارىسىدا فامىلە قىزغىنلى-
قىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىششىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرى ۋە ئىسىم قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان
نۇرغۇن سۆزلۈكلەر زور تۈركۈمدە قېزىلىپ كىشىلەرنىڭ
پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئېلان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن كىشى-
لەرگە تېخىمۇ زور قولايلىقلار يارىتىلدى.

قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىر تۈركۈم
ئاڭلىق زىيالىيلار ئارىسىدا قەدىمكىنى ھازىر ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇش خاھىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قەدىمـ-
كى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى قېزىش ئىشى تېخىمۇ چوڭ-
قۇرلىشىپ، ئىسىم قويۇش بىر خىل مەدەنىيلىشىش، ئىلمىي-
لىشىش يولىغا كىردى، شۇنداقلا كىشىلەر ئەمدى «مودا
قوغلىشىپ» ئەمەس، بەلكى مەنىسىنى بىلىپ، مەقسەتلىك،
نىشانلىق ھالدا ئىسىم قويىدىغان، ئالدىراپ - سالدىراپ
ئەمەس، مۇشۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇقلاردىن مەسلىھەت
سوراپ، باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن ئىسىم قويە-
دىغان ئەھۋال شەكىللەندى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كىشىلەر-
نىڭ ئېڭى تېخىمۇ ئېچىلىپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ
بۈنىڭدىن كېيىنكى تېخىمۇ ئىلمىيلىشىشى، مەدەنىيلىشىشى
ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى. بۇ جەرياندا بەزى كىشىلىرد-
مىزدە «يېڭىچە» ئىسىم قويىمىز دەپ مەنىسى يوق، ئۆز-
لىرى قارىسىغا قۇراشتۇرۇۋالغان، تىلىمىزنىڭ قائىدىسىگە
قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيدىغان «ئىسىم»لارنى قويىدىغان
غەيرىي ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى. ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسىم
كىشىلەر مەنىسىنى بىلىپ، بار مەسلىھەت بىلەن مەنىسى
چوڭقۇر، ئەجداد روھىغا چوڭكەن، يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان،
كىشىنى ئىلھاملاندۇرۇدىغان، گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارغا
چۆمدۈرىدىغان ئىسىملارنى تاللاپ قويىغان بولغاچقا، كۈنى-
مىزدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىجابىي تەرەپى
يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرماقتا.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

[1] ئابلىز ئورخۇن، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئىسىم قويۇش سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1996 ـ
يىلى 4 ـ سان.
[2] «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرد-
ياتى 2006 ـ يىلى نەشرى، 204 ـ، 206 ـ بەتلەر.
[3] «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى ئوغۇزنامە»، مىللەت-
لەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشرى.
[4] «خەمىت تۆمۈر ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرد-
ياتى 2006 ـ يىلى نەشرى، 206 ـ، 207 ـ بەتلەر.
[5] ئابلىز ئورخۇن، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئىسىم قويۇش سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1996 ـ
يىلى 4 ـ سان.
[6] [7] ئەسئەت سۇلايمان، مېھرىئاي مەمتىلى: «قوچۇ
ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مە-
دەنىيەت قاتلىمى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»نىڭ 2000 ـ يىلى 2 ـ
سانى.
[8] ئاننېمارىيە ۋون گاباىن: «قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىج-
تىمائىي ھاياتى»، 48 ـ بەت، تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك تەزكىرە
ئىشخانىسى باستۇرغان، خەنزۇچە، 1989 ـ يىلى ئىچكى نەشرى.
[9] ئەسئەت سۇلايمان، مېھرىئاي مەمتىلى: «قوچۇ ئۇيغۇر
ئېلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت
قاتلىمى، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»نىڭ 2000 ـ يىلى 2 ـ سانى.
[10] ئابلىز ئورخۇن، «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئىسىم قويۇش سەنئىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 1996 ـ
يىلى 4 ـ سان.
[11] ئابدۇرەشىد جەلىل قارلۇق: «تۈركلەر ۋە كۈنىمىز
ئۇيغۇرلىرىدىكى كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، «شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2006 ـ يىللىق 2 ـ سانى.
[12] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى
مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 808 ـ بەت.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھىرى تەنتەربىيە سارىيى يولى 8-قورۇ
2 ـ بىنا 2 ـ ئىشىك 102 ـ ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق زىيالى.

# ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئېكران

شىرگۇل قۇربان

دەۋرلەردىن بېرى ئۇسسۇل سەنئىتى ئۆزىگە خاس بىر شەكىل قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلىپ، بەدىئىي بالاغىتىنى سەنئەت مۇخلىسلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەن نامايان قىلىپ كەلدى.

ھويلا - ئاران، ئېتىز - ئېرىق، كەڭرى دالا... ئۇسسۇل سەنئىتىنى چەكسىز ئىپادىلەش سېھرىي كۈچىگە ئىگە قىلسا، مەھەللىۋى مەشرەپ سورۇنلىرىدا بارلىققا كەلگەن، ئېيتىشىش، لەپەر، تۈرلۈك ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىنغان دوراش سەنئىتى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىنى بېيىتتى.

ماكان خاسلىقى ئۇسسۇل سەنئىتىنى كەڭلىك بىلەن تەمىن ئېتىپ ئۇنىڭ ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ تېخىمۇ بېيىتىلىشىغا ھەسسە قوشقان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن سەھنە سەنئىتى ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ گارمونىيەلىك قاتلىمىنى تېرەنلىككە ئىگە قىلدى.

ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە بولۇۋاتقان ئۇسسۇل سەنئىتى، ھەرىكەت شەكىللىرى ئىپادىلەۋاتقان مەزمۇن خاسلىقىنى تېخىمۇ كونكرېتنى باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئۈچۈن، سەھنە سەنئىتىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىش باسقۇچىغا كىردى.

ئۇسسۇل ئورۇنلىغۇچى ئۆز ھېسسىياتىنى بەدەن تىلى ئارقىلىق مەۋھۇم بىر يوسۇندا ئىپادە قىلسا، سەھنە سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن: يۆتكىلىشچان سەھنە مۇھىتى، دېكوراتسىيە قاتلاملىرى، تۈرلۈك مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان ئوخشىمىغان رەڭلەر قاتلىمى، ئۇسسۇل مەزمۇننى كونكرېتنى مەزمۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن خاس بولغان ماكان مۇھىتى ياراتتى.

بىۋاستە كۆرۈش سېزىمى ئارقىلىق كۆرگۈچىنىڭ تۇيغۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، رېئاللىق مۇھىتتا چەكلىمىسىز ئورۇنلاش ئېھتىياجىغا ئىگە بولغان ئۇسسۇل سەنئىتى سەھنە سەنئىتىنىڭ ياردىمى بىلەن تېخىمۇ يۈكسەكلىككە يېقىنلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئېكران سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن يېڭى بىر مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە.

ئەسلىدىنلا تار ئېكران مۇھىتىغا قاپسىلىپ قالغان ئۇسسۇل سەنئىتى ئېكران رېژىسسورلىرىنىڭ كەسپكە خاملىقى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئورۇنلاش جەھەتتىكى تېخنىكىلىق سەۋىيەسىدىن، گۈزەللىك جەھەتتىكى بەدىئىي قىممىتىدىن، ئىپادىلەش جەھەتتىكى خاسلىقىدىن ئايرىلىپ قالدى. نەتىجىدە سەنئەت مۇخلىسلىرى سەنئەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي ھوزۇرلاندۇرۇش لەززىتىدىن مەھرۇم قالماقتا.

ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن ئېكران سەنئىتىنىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر - بىرىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن توغرا ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن مەن تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سۇنىمەن.

1. ئۇسسۇل ئەسىرى ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ ئۇسسۇل ئورۇنلىغۇچىغا ئۆگىتىلگەندىن كېيىن ئېكران رېژىسسورىغىمۇ تونۇشتۇرۇلۇشى كېرەك. يەنى ئۇسسۇلنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ھەرىكەت قانۇنىيىتى ۋە شەكىللىرى، سىنغا ئېلىش زالىدىكى سەھنە سۈپەتلىرىنىڭ رەڭ قاتلاملىرى، ئۇسسۇل ئارتىسىنىڭ كىيىم - كېچەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇسسۇل مەزمۇنىنىڭ ئورگانىك باغلىنىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۇسسۇل رېژىسسورى ئېكران رېژىسسورىغا تولۇق چۈشەندۈرۈشى ۋە سىنغا ئېلىنىش جەريانىدا باش ئاپپاراتتا ئولتۇرغان مونتاژ رېژىسسورى بىلەن بىرگە تۇرۇشى كېرەك.

2. ئۇسسۇل رېژىسسورى ئۆز ئەسىرىنى ئىجاد قىلىپ بولغاندىن كېيىن تولۇق بولغان ئۇسسۇل نوتىسىنى يېزىۋېلىپ سىنغا ئېلىش زالىدا ھەر بىر ھەرىكەت ۋە ھەر بىر چىراي ئىپادىسىنى بىر باشتىن ئارتىسقا ئۆگىتىپ يەنە بىر باشتىن سىنغا ئالدۇرۇشى ۋە ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ سىن كىرىشتۈرۈش جەريانىغا بىۋاستە قاتنىشىشى كېرەك.

3. ئېكران رېژىسسورى ئۇسسۇل ئەسىرىنى سىنغا ئالغاندا چوقۇم ئۇسسۇل رېژىسسورى بىلەن بىرلىكتە بۇ خىزمەتنى تاماملىشى، ئۇسسۇل رېژىسسورىنىڭ تەكلىپ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشى لازىم.

ئېكران رېژىسسورى ئۇسسۇل ئەسىرىنى ئۆزى بىلگىنىچە سىنغا ئالىدىغان، ئۆزى بىلگىنىچە سىن لېنتىسىنى كىرىشتۈرۈپ قويىدىغان، ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ بېشى ئايىغىغا، ئايىغى ئوتتۇرىسىغا، ئوتتۇرىسى ياكى باشقا بىر يېرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ قالىدىغان، ئارتىسنىڭ ماھارىتى ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ كومپوزىتسىيە باسقۇچىغا كەلگەندە ئارىلىقىغا تاماشىبىننىڭ كۆرۈنۈشىنى قىستۇرۇپ قويىدىغان قاملاشمىغان سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر.

ئۇسسۇل ئەسىرى باشقا سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ھەممە شەكىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ئالاھىدە بىر تۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېكران سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار، ئۇسسۇل ئەسىرىنى سىنغا ئالغان چاغدا ئالاھىدە مۇئامىلىدە بولۇشى، كۆرۈرمەنلەرنىڭ بەدىئىي زوق ئېلىش تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىكى، شۇنداقلا ئېكران سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۇسسۇل سەنئىتى ئارقىلىق تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىشتا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئىجادىي تەپەككۇرىنى قوزغىتىشى بەك مۇھىم.

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت - تىياتىر ئۆمىكىدە

# « تىلماچلار چايخانىسى » دىكى پاراڭلار



## ئۈلۈك دېڭىزدىن ھالقىپ

(2012 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ ، 13 ـ كۈنلىرى ئىئوردانىيەنىڭ جىلاش ۋە ئىربىدتىكى پەلەستىن
مۇساپىرلار لاگېرىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

**تەرجىماندىن ئىلاۋە:** 1948 ـ يىلى بېيجىڭدا تۇغۇلغان خۇيزۇ يازغۇچى جاڭ چېڭجى (ئىسلامى ئىسمى سەئىد)
جۇڭگو بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تەسىرى زور يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر. دىن، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئەسەرلە-
رىدە ئىپادىلەنگەن پاكىز ھاياتلىق ئەقىدىسىگە بولغان مۇستەھكەم ئېتىقاد، كۈچلۈك رومانتىزملىق خاھىش، تۇرمۇشقا
بولغان قىزغىن، سەمىمىي مۇھەببەت، باياندىكى قايناق ھېسسىيات، تىلدىكى پۇختىلىق بىلەن دىنغا باغلانغان چوڭقۇر
مەدەنىيەت تىندىنسىيەسى ئۇنى خەنزۇ تىل مۇھىتىدىكى چوڭ ئېقىم ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلغان. «قارا
تۇلپار»، «شىمالدىكى دەريا» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك تۇنجى نۇۋەتلىك ھېكايە مۇكاپاتى ۋە 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق
مۇنەۋۋەر پوۋېست مۇكاپاتىغا، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە نادىر ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا نائىل بولغان.
1991 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «قەلب تارىخى» ناملىق رومانى ئوقۇرمەنلەر ۋە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا زور غۇلغۇلا قوزغىغان
ۋە جاڭ چېڭجىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىپ، بىراقلا نامىنى چىقارغان. ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «سېرىق كا-
كۈللۈك ئالچۇق»، «قېتىپ قالغان يالقۇن»، «گۈزەل چاغلار»، «قارا تۇلپار»، «شىمالدىكى دەريا»، «بىغۇبار روھ»، «قاقاس-
لاشقان باتۇرلۇق يولى»، «ئالتۇن ئوتلاق»، «قەلب تارىخى»، «غەربىي ئەلدىكى سۈيقەست» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭ نەسرلىرى-
مۇ پاكىز مەنىۋى ھالەت، بىغۇبار روھىي دۇنياغا بولغان مەستخۇشلارچە تەلپۈنۈشىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە كىشىنىڭ
ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىدۇ.

بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئۆزگىچە ئۇتۇقىدىن باشقا، جاڭ چېڭجى يەنە تىرىشچان تەتقىقاتچى ۋە مەسئۇلىيەتچان ئىج-
تىمائىي پائالىيەتچى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ بىر زىيالىيغا خاس بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ ئۇ ئىسلام بوز قىر-
لىرى دەپ تەرىپلىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلارنىڭ تارىخ، دىنىغا قارىتا
نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان ۋە بۇ ئەللەردىكى دىن، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى قوغداش، ئۇنىڭغا قەتئىي ۋارىس-
لىق قىلىش جەھەتتە ئۆزىنىڭ قايتماس مەيدانىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

### تەرجىمە كۆزنىكى

2012 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جاڭ چېڭجى ئۆزىنىڭ بىلوگىدا
«تەۋەررۇك نۇسخىنىڭ باسما سۈپىتىنى ئۆزگەرتىش توغرى-
سىدا» ناملىق ماقالە ئېلان قىلىپ، يېقىندا نەشر قىلماقچى

بولغان «قەلب تارىخى»نىڭ تەۋەررۇك نۇسخىسىنى (يەنى ئالاھىدە سۈپەتلىك قىلىپ، ئاز ساندىلا بېسىلىدىغان، پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ساقلاش قىممىتىگە ئىگە نۇسخا) پەقەت 750 نۇسخىلا باسىدىغانلىقى، ھەر بىرىنىڭ باھاسى 1500 يۈەن بولىدىغانلىقى، ھەر بىر كىتابقا ئۆز قولى بىلەن ئىمزا قويۇپ تارقىتىدىغانلىقى، پايدىنىڭ ھەممىسىنى ئىئانە قىلىدىغانلىقى ۋە بۇنى تولۇقى بىلەن جامائەتكە ئاشكارىلايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دېگەندەك 9 - ئايدىلا جاڭ چېڭجىنىڭ ئىئانە سەپىرى ئاشكارىلاندى. ئۇ 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى ئېلىپ دۇنيانىڭ يالغۇز ئىقتىسادقىلا ئەمەس، ھەقىقىي چۈشىنىش، ئەمەلىي قوللاش، چىن كۆڭلىدىن ياردەم بېرىشكە ئەڭ موھتاج كىشىلىرىنىڭ قېشىغا — پەلەستىنگە ماڭغانىدى.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە داۋاملاشقان تۆت كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا، جاڭ چېڭجى باشلاپ چىققان زىيارەتچىلەر غەززە مۇساپىرلار لاگېرى، شەھىت ئەزىم مۇتىۋ مۇساپىرلار لاگېرى، ئىربىد مۇساپىرلار لاگېرى، شۇنداقلا پەلەستىن مۇساپىرلىرىنى ئۆي ۋە يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان راسمونىۋ كەنتىدىكى 95 ئۆيلۈك، ئەينزان كەنتىدىكى 82 ئۆيلۈك ئىئوردانىيە ئاھالىسىنى يوقلىدى ۋە 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ياردەم - كۆڭلىنى بىلدۈردى. پۈتۈن زىيارەت جەريانىدا 476 ئائىلە ئۇلارنىڭ خالىس ياردىمى، شەپقەتلىك كۆڭلىدىن بەھرىمەن بولدى.

9 - ئاينىڭ 12 - ، 13 - كۈنلىرى، جاڭ چېڭجى پەلەستىن مۇساپىرلار لاگېرىدىكى ياردەم بۇيۇملىرىنى تارقىتىش مۇراسىمىدا «ئۆلۈك دېڭىزدىن ھالقىپ» ناملىق نۇتۇقىنى سۆزلىدى. ئۇزنىڭ مەدەنىيەت ۋە پىسخىك كەلمىشى نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ دۇنيانىڭ ئەل - ئادالەت مەنتىقىسىنىڭ ساقايماس جاراھىتىگە ئايلانغان پەلەستىن مەسىلىسىگە يۈزلىنىشى ئۇنىڭدىكى ۋىجدانلىق يازغۇچىغا خاس پەزىلەتتىن ئۇچۇر بەرسە، نۇتقىغا باشتىن - ئاخىر سىڭگەن سەممىي، چىن ھېسسىيات ۋە ئېغىر مۇڭ دۇنيانىڭ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز تەڭسىز سىياسىي مەنتىقىسى ئالدىدىمۇ ۋەتەن ۋە كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن قەددىنى پۈكمەي باتۇرانە كۆرەش قىلىپ كەلگەن ئاشۇ ۋەتىنى بار ۋەتەنسىزلەرنىڭ جاراھەتكە تولغان، ئەمما ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ باقمىغان قەيسەر قەلبىگە يوللانغان ئۈمىدلىك تەسەللىي سۈپىتىدە كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر ئارقىلىق بىر بەدىئىي دۇنيا يارىتىش يازغۇچىدىن بىلىم، بەدىئىي ئىستېدات تەلەپ قىلسا، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي دۇنياسى ئارقىلىق يەنە بىر دۇنيا يارىتىش يازغۇچىدىن تېخىمۇ قەتئىي ئەقىدە - ئېتىقاد، يۈكسەك مەنىۋى پەزىلەت ۋە پىداكارلىق، شىجائەت تەلەپ قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەدەبىي ئەسەر ئارقىلىق يارىتىلغان ھېسسىي دۇنيانىڭ گۈزەللىكى كىشىدە قانچە زور ئىشتىياق، ھەۋەس، قايىللىق ئويغاتسا، يازغۇچىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆز مەيدانى ۋە رېئال ھەرىكىتى ئارقىلىق ياراتقان يەنە بىر ئەمەلىي دۇنياسى بەلكىم تالاي كىشىگە ئىللىق ئۆي، مېھرى ئىسسىق ۋەتەن قۇرۇپ بېرەلىشىمۇ مۇمكىن. ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي غەم - غۇسسىسىدىن ئېشىنالمايلا بىر ئۆمۈر قاقشاپ، زارلاپ ئۆتىدىغان نۇرغۇن يازغۇچىغا سېلىشتۇرغاندا، جاڭ چېڭجىدىكى مەسئۇلىيەت، ۋىجدان ۋە مەردانىلىق بىزنى ئەدىب، زىيالىيلىق ھەققىدە قايتىدىن ئويلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى خەنزۇ يازغۇچىلارنىمۇ چوڭقۇر ئويلاندۇرغاندەك، بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزغىمۇ ئىلھام، رىغبەت، ئويلىنىش ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆيى بار تۇرۇپ ئۆيسىز قالغان، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۆز تۇپرىقىدا لاماكانلىق قىسمىتىگە مۇپتىلا بولغان پەلەستىن مۇساپىرلىرىغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلىگەن نۇتقىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، پەلەستىنلىك قېرىنداشلار:

تۇغقانلار:

مەن 1948 - يىلى تۇغۇلغان. مەن تۇغۇلغاندا، دەل مەن تۇغۇلغان شۇ يىلى ئارغامچىنىڭ تۇساتتىن ئۈزۈلۈپ كەتكىنىنى، جاھاننىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكىنىنى، پەلەستىندە ئادالەت، ھەققانىيەتنىڭ قولدىن كەتكىنىنى بىلمەيتتىم. ئەنە شۇ يىلدىن باشلاپ، پەلەستىننىڭ تىنچ، گۈزەل باغۇ - بوستانى ئۇشتۇمتۇت ئىشغالىيەتچىلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپتۇ، قىرىلىپتۇ، دەسسەپ چەيلىنىپتۇ. 1948 - يىلى! بىلمەيتتىمكى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، يەر - تۇپرىقى تارتىۋېلىنغان، دەھشەتلىك مۇساپىرەت يولىدا قىيقاس سېلىپ يىغلاۋاتقان بوۋاقلار بىلەن بىر يىلدا بۇ زېمىنغا ئاپىرىدە بولغىنىمنى بىلمەيتتىم.

لېكىن ناھايىتى كىچىك چاغلىرىمدىن باشلاپلا ئېسىمدە، ھەر يىلى دۆلەت بايرىمى ياكى يېڭى يىل كەلسىلا جۇڭگودا «پەلەستىن خەلقىنىڭ ئۆز يۇرت - ماكانىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى قەتئىي قوللايمىز» دېگەن بايانات ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھازىرغىچە ئۆزگىرىپ باقمىدى، ھەر يىلى ئوخشاش تەكرارلىنىدۇ.

بۇ بايانات، بۇ ئاۋاز مېنىڭ بالىلىق يىللىرىمغا ھەمراھ بولۇپ كەلدى. بۇ ئاۋاز گويا كى ئانامنىڭ ئوغۇز سۈتىگە ئوخشاش مېنىڭ تەربىيەلىنىشىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مەن تېخى ئاق-قارىنى تۈزۈك ئاڭقىرالمسام-مۇ، لېكىن «پەلەستىن» دېگەن بۇ ئىسىم ئېسىمگە مەھكەم ئورناشقانىدى. پەلەستىن! سەن بىر ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارغا شۇنچە يېقىن ئىدىڭ، بىزمۇ ھەم سېنى قېرىنداشىمىز دەپ بىلەتتۇق.

مەن بۇ يىل 64 ياشقا كىردىم. سىلەرنىڭ يۇرت-ۋەتىنىڭلارنى تارتقۇزۇپ قويغىنىڭلارغا 64 يىل بولدى.

لېكىن 64 يىل بېسىپ ياتقان بولسىمۇ، شەيتان تېخىچە ئۆزىنىڭ شەيتانلىق زامانى ھەقلەشتى دەپ بىلەلمەيدى. 64 يىل ماڭا ھامان ھەقىقەت تەرەپتە تۇرۇش، سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن يىل بولدى.

بەلكىم 64 سىرلىق رەقەمدۇر. گەرچە ئاللىقاچان قېرىلىق دەملىرىگە ئۇلاشقان بولسىمۇ، بەلكىم ھايات دەل مۇشۇ 64-مۇساپىسىدە جەبىر-زۇلۇم ئاستىدىمۇ سەۋر-تاقەت قىلغۇچىلارنىڭ ھۇزۇرىغا، ئەل-ئادالەت سەيناسىغا قاراپ چېپىشنى ئىرادە قىلغاندۇر.

بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىدۇر، ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قىلىشقا قادىر ئەمەس.

قېرىنداشلار، مەن زەردارلاردىن ئەمەسمەن، پەقەتلا بىر قەلەمكەشمەن.

بۇ قەلەم ئەزەلىي پۈتمۈشكە بويسۇنغان، جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق تىلىكىگە بىنائەن شۇلار ھەققىدە بىر ھېكايە پۈتكەنىدى. كىتاب تاماملانغاندا، مەن ئائىلەمدىكىلەر، شۇنداقلا ھەقەمسايىلىرىمىزنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ كىتابتىن كىرگەن كىرىمنى پەلەستىندىكى قېرىنداشلارغا ئاتاشتىن ئىبارەت بىر ئەزگۈ نىيەت بىخلاندى.

«پەلەستىن» دېگەن بۇ ئىسمنى، پەلەستىن مۇساپىرلىرىغا ياردەم قىلماقچى ئىكەنلىكىمىزنى ئاڭلاپلا، بىز جۇڭگونىڭ ھەرتامانىدىن كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان قىزغىن ئىنكاسلارغا ئېرىشتۇق.

جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن زىيالىيلارمۇ بۇنى بىر ئىنسانىي ئەخلاق ۋە مەجبۇرىيەت دەپ بىلدى. ئۆزلىرى جاپالىق مېھنەت بەدىلىگە تاپقان-تۆككەنلىرىنى «ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن» دەپ ئالىقىنىمىزغا تۈتكى.

بېيجىڭدا ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە تايىنىپ كۈننى ئاران-ئاران ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر چال ئۇنىمغىنىغا ئۇنىماي «بۇ پۇل سىز بىلەن كەتسۇن، سەئىد. مۇشۇ كۈنلەردە پەلەستىندىكى بىچارىلەرنى ئويلىسامالا تەڭ كېچىدىمۇ ئۇززۇمنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ كېتىمەن» دەپ 1500 يۈەن پۇلنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ ئاللىقاچان 90 ياشقا كىرگەن، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلغان بوۋاي، لېكىن ماڭا ئايان، ئۇنىڭ ئاشۇ كۆڭلىنى ھەق جايىغا — سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇرمىغۇچە ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلمايدۇ. يەنە بىر كارخانىچى كىتابنى بېسىشقا كېتەرلىك خىراجەتنى ئۈستىگە ئالدى ۋە: «بۇ مېلىمغا كەلگەن زاكات، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىم بولسۇن» دېدى. مەن شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، مەن ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم «زاكات»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋاتاتتىم. ئۇ كىتاب مانا مۇشۇنداق ۋەزنى ئېغىر ئامانەتنى ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۆز قولىغا جايىدا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئەھدىنىڭ خاتىرىسىگە ۋە شۇنداقلا بىر ئىسپاتقا ئايلانغانىدى.

ھەممىمىزگە ئايان، بۈگۈن شەيتان قېرىنداشلارنىڭ ھۇزۇرىغا بارىدىغان ھەربىر يول ئېغىزىغا بىھېساب ئۆلۈم، ئۇرۇش ۋە باشقا توسالغۇ-قىلتاقلارنى قۇرۇپ قويغان. لېكىن سەپەرگە ئاتلىنىشىنىڭ ئالدىدا مەن كۆكتىن شۇنداق غايىب ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم:

— ئەجەبا سەن كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلارنىڭ جۇشقۇن پەرۋازىنى ۋە تالماس قاناتلىرىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇچۇپ ئۆت! قامال قىلىنغان ئاشۇ ئۆلۈك دېڭىزدىن ھالقى!

مەن كۆكنى، چەكسىز دالىلارنى بىر ئالغان توپ-توپ قۇشلارنىڭ قولاقنى يارغۇدەك ئاۋازىدا چۇرقىراشقىنىنى ئېنىق ئاڭلىدىم: ئادالەت! ھەققانىيەت! تىنچلىق!

قۇشلار شەكلىدە قاتار سەپ تارتىپ تىزىلغانىدى. بەجايىكى قومۇلۇقلاردىن، ئۆلۈك دېڭىزدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پەلەستىنگە، سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ دەرگاھىغا ئۇچۇپ بېرىشقا تەييارلانغان يانىڭ ئوقىدەك...

ئەي، پەلەستىنلىك قېرىنداشلار! ئەي، جۇڭگولۇقلار-

نىڭ تۇغقانلىرى، مەن دەيدىغىنىمنى دەپ بولدۇم، ۋەزد-
پەمنى ھەم تاماملىدىم. قېنى، بۇ كىچىككىنە كۆڭلىمىزنى
ھەم شۇ يىراق جۇڭگودىن ئېلىپ كەلگەن سەممىي تىلىكد-
مىزنى قوبۇل قىلغايسىزلەر. پۇل- مال ئاللاھقا مەنسۇپتۇر،
ئۇ پەقەت بىزنىڭ قولىمىزدىن سىلەرنىڭ ئالقىنىڭلارغا
ئۆتتى، خالاس. بىز پەقەت مۇشۇ ئەرزىمەس ياردىمىمىز
تۈپەيلى سىلەرنىڭ ئالىيجاناب ئىززەت- تۇيغۇڭلارغا ئازار
بېرىپ قويمىساقكەن دېگەننىلا تىلەيمىز.

پەلەستىننىڭ تەقدىرى ھەرگىز بۇنداق نومۇسسىزلار-
چە ئاخىرلاشمايدۇ.

بىز ھەقىقەتكە ئۇنىڭ جىمى گۈزەل تەۋسىپلىرىگە ئە-
شەنگەندەك ئىشىنىمىز. يەنە نەچچە يىل ئۆتۈشىدىن قەت-
ئىينەزەر، ئىنسان ئادالەت، ھەققانىيەتكە بولغان ئېتىقادىنىلا
يوقاتمايدىكەن، بىر- بىرىنى ئايرىپ تۇرغان سېپىللارنىڭ
جىمىسى پاچاقلاپ تاشلانغۇسى، مۇستەملىكچىلەرنىڭ
ئۇرۇش ئوتىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلغۇسى. بۇ يولدا
قۇربان بولغان ئەزىزلەرنىڭ روھى جەننەتتى ئەزىمدە
چەكسىز ئەپۇ- رەھمەتكە ۋە تەسەللىگە ئېرىشكۈسى!

ئەنە شۇ چاغدا، بىز يەنە بۇ يەردە، سىلەرنىڭ قې-
شىڭلاردا ھازىر بولىمىز. ھەئە، بىز چوقۇم بېيرۇتقا ۋە
ئاممانغا، غەززەگە ۋە جېنىنگە، دەرياسىنغا، قايتىدىن قۇ-
رۇلغان پەلەستىنگە كېلىمىز. ئاشۇ چاغدا، بىز «تىنچلىق
ساڭا مەنسۇپ، پەلەستىن!» دەپ بار ئاۋازىمىز بىلەن ۋار-
قىرايمىز.

بىز گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، پەلەستىن، سەن ئۆتمۈش
بىلەن كەلگۈسىنى ئايرىپ تۇرغان بەلگە، ئىنسانىي قەدىر-
قىممەتنىڭ ئابىدىسى بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك
مەۋجۇتلۇققا ئېرىشىسەن!

**نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن تەرجىمىسى**

---

تىلماچ: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات
ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدىكى بەش خىل «ئېغىر كېسەل»

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئالىي مائارىپ كۆ-
لىمى كېڭەيتىلىپ، جۇڭگو دۇنيادىكى ئالىي مەكتەپ مائارد-
پى كۆلىمى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئاقىل-
لار مائارىپىدىن ئامموۋى مائارىپقا يۈزلىنىپ، نۇرغۇنلىغان
ياشلار ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇنى
چوڭ ئۇتۇق دېيىشكە بولىدۇ. بىراق كۆپ ساندىكى ئۇنى-
ۋېرسىتېتلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئالغا
بېسىش جەريانىدا بىر قىسىم يېڭى مەسىلىلەر، ھەتتا «ئېغىر
كېسەللەر» پەيدا بولدى. مەن ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك
«بەش خىل» كېسەلگە يىغىنچاقلىدىم.

**بىرىنچى خىل كېسەل:** بازارلىشىش. بۇ خىل خاھىش
كۈنسېرى ئېغىرلىشىپ، ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا ئېغىر زىيان-
لارنى كەلتۈردى. بۇنىڭ سەۋەبى، مائارىپ سېلىنما مەبلىغى
يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەيدۇ، مائارىپ بايلىقىنىڭ تەق-
سىملىنىشى بارغانسېرى تەكشىسىز بولماقتا. ھەر يىلى
«ئىككى يىغىن»دا ۋەكىللەر مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيد-
تىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان، ئاساس مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغ ھەقىقەتەن ئاشتى.
بىراق ئالىي مائارىپتا قەرز ناھايىتى كۆپ، بۇ ھالقىلىق مە-
سىلە. دۆلەتنىڭ سالغان مەبلىغى يېتەرلىك بولمىغاچقا، مەك-
تەپلەر ئۆز ئالدىغا پۇل تېپىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچى قوبۇل
قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئوقۇش پۇلىغا تايىنىپ، تۈرلۈك
خىزمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈشكە مەجبۇر بولماقتا. يەنە تېخى
«تاپاۋەت قىلىش» ئۈچۈن (بۇ سۆز مەكتەپلەر ئۈچۈن ئېيت-
قاندا ياخشى سۆز ئەمەس)، ھەر خىل سىنىپلارنى تەسىس
قىلىپ، بىرئاز پۇل تېپىشتى. بىراق، ئادەت- يوسۇنلار بۇ-
زۇلدى، ئادەملەرنىڭ كۆڭلى قارىداپ كەتتى، بۇنداق مۇ-
ھىتتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا نە-
دىمۇ رايى بولسۇن؟ ھازىرقى مەكتەپلەردە سودىگەرچە-
لىك كەيپىياتى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، ئادەتكە ئايلان-
دى.

x ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئەتراپقا قارايدىغان بولسى-
ڭىز، ھەممە يەرنىڭ ئېلان تاختىسى، ۋىۋىسكىلار بىلەن
توشۇپ كەتكەن، ھەرقانداق بىر سىنىپنى مەكتەپكە كىرىپلا
تەسىس قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ بۇ سىنىپلاردا
ئوقۇسىلا غوجايىن بولغىلى، پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقى ئېي-

تىلغان. پەقەت پۇل بولسىلا، x ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرس ئۆتە-
بىرىگە ئېرىشەلەيسىز. نەتىجىدە ئەمدىلا ئۇنىۋېرسىتېتقا
قەدەم باسقان ئوقۇغۇچىلار ھەرخىل پۇل تېپىش يوللىرىنى
ئىزدەپ پايپېتەك بولۇشماقتا. x ئۇنىۋېرسىتېتى قاچانمۇ
بىلىم ئىگىلىرىگە خاس كەيپىياتنى قايتىدىن تېپىۋالار؟

يەنە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەيپىياتىمۇ تەسىرگە
ئۇچرىدى. نۇرغۇنلىغان پىروفېسسورلار ئۆزى يالغۇز بىر
نەچچە ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئوقۇش - ئو-
قۇتۇشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋاقىت سەرپ قىلى-
ۋاتقانلار ناھايىتى ئاز. ھازىر جۇڭگودا ئۇمىدلىك ياشلار
شۇنچە كۆپ تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلە-
گىلى بولمايدۇ؟ ھازىرداڭلىق پىروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى
تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بەرمەيدۇ. نېمە
ئۈچۈن؟ ھەممىسى ئۆز مەنپەئەتىنىڭ كويىغا چۈشۈشتى.
شۇڭا ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيەسى بۇ-
رۇنقىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار قو-
شۇنىنىڭ سىرتقا ئېقىش ھادىسىسى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ
كەتتى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، مەكتەپ ئىستىلى بۇزۇلۇپ
كەتتى. x ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئىنستىتۇت، فاكۇلتېت-
لىرىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىرىمى ناھايىتى يۇقىرى، ھەتتا
بىر قىسىم ئاساسىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كىرىمىدىن ئون
نەچچە ھەسسە، نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى. بەزى ئوقۇت-
قۇچىلارنىڭ «ئالدىن بېيىشى»غا يول قويۇپ، كۆپرەك پۇل
تېپىشقا يول قويۇش ھادىسىلىرىنى بەكمۇ ئەيىبلەپ كەتمە-
دۇق. مەسىلە باشقۇرماسلىقتا ئەمەس، ئۇنداق بولمايدىكەن
بىر قىسىم پىروفېسسورلار پۇل ئۈچۈن دەرس ئۆتۈشى،
مەكتەپ ئىچىدىكى باي - نامراتلىق تەكشى بولماسلىقى،
ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشىنىڭ ئېغىرلىشىشى، مەكتەپ بازارغا
ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. كىشىلەرنىڭ پايدىنى كۆزلىشى
ھەم مەكتەپ ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا، ھەم پەنلەرنىڭ قۇرۇلۇ-
شىغا پايدىسىز.

ئىككىنچى خىل كېسەل: «تۈرلەشتۈرۈپ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇش». ئاتالمىش «تۈرلەشتۈرۈپ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇش» دېگەنلىك تۈگىمەس تۈرلەرنى يولغا قو-
يۇشنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ كۆپۈككە ئايلانغان،
قىلچە ئىلمىي قىممىتى يوق تۈرلەرنى ئەپلەپ - سەپلەپ
ئىشلەش، كىشىلىك ھاياتنى، بايلىقلارنى ئىسراپ قىلىدۇ. نې-
مىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۈر ئىلتى-
ماس قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ھازىرقى ئىلمىي
ئىشلەپچىقىرىش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇشۇنداق مىقدار-
لاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بولۇپمۇ تەبىئىي پەن ۋە سانائە-
ئەت پەنلىرىدىكى تەتقىقاتلار ھەممىسى تۈر ئارقىلىق يولغا قو-
يۇلىدۇ. يەنە مەنپەئەت قوغلىشىدۇ. تۈر دېمەك پۇل دېمەك-
تۇر، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار پۇل تېپىش ئۈچۈن تۈر ئىلتى-
ماس قىلىشىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە بازارلىششتىكى نۇقساندۇر.

ھازىر ئىلمىي ساھەسىدە چىرىكلىشىش ئېغىر، نەتىجە-
لەر ساختا، ساختا ئىلىم ئىگىلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ
كەتتى. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، نەتىجە - ئۇتۇقلارنى
باھالاش، سالاھىيەتنى بېكىتىش، تۈرلەرنى بېكىتىش جەرياند-
لىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىش، يەپ -
ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش، سوۋغات بېرىش، مۇناسى-
ۋەت ئورنىتىش، سودىلىشىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەققىي
ماھىيىتى بولۇپ قالدى. ھازىر پىروفېسسور بولغانلارنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك ئەتىدىن - كەچكىچە «تۈرلىشىش»
بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشۈپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا
كەمدىن - كەم دەرس بەرمەكتە، بۇ نورمال ئىش ئەمەس.
يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان مەن ھەر ئىككى يىلدا بىر يىل
تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بېرىپ كەلدىم، ئال-
دىنقى ئوقۇش مەۋسۇمىدە 1 - يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئا-
ساسىي دەرس بەردىم. بۇ مەۋسۇمدە مەن شەندوڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتىغا كەلدىم، مەكتەپ ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ،
ھېچقانداق چەكلىمە بېكىتىپ بەرمىدى. ئەمما مەن «ئوقۇت-
قۇچى بولغانىكەنمەن، دەرس ئۆتۈش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاسا-
سىي خىزمىتى» دەپ قاراپ، بۇ مەۋسۇمدە ئەدەبىيات ئىنس-
تىتۇتىدىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس بەردىم.
ئەسلىدە ئۆز ۋەزىپىسى، دائىرىسىدىكى ئادەتتىكى ئىشلارنى بۇ
يەردە گېزىتلەردە مەخسۇس ئاخبارات سۈپىتىدە ئېلان قىلى-
دىكەن، بۇنى ھەققەتەن ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. قارىغان-
دا ھازىر «تۈرلەشتۈرۈپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش» شۇنچە
ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەت ئەمەلىي قوللىنىدىغان ماھارەتلەر-
نى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىدۇ،

www.uyghurkitap.com

جامائەت پىكرى بازارلاردىكى كۆپۈكلەر تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلماقتا. كىشىلەر جان بېقىش ئۈچۈن ئۆگەنمەكتە، كەسپكە نىسبەتەن ئىچكى مايىللىق كەم، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، پەقەت ئىختىساسلىقلار بازىرىدا ياخشى ئورۇنغا ئېرىشىپ كۆپرەك پۇل تېپىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈشتەك ئاددىي قاراش ئالىي مەكتەپ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلىنى كولاپ، ھازىرقى زاماندىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى چىرىتمەكتە.

ئۈچىنچى خىل كېسەل: تەكشىلىشىش. ئۇنىۋېرسىتېتلار بارغانسېرى ئۆز خاسلىقىنى يوقىتىپ تەكشىلەشمەكتە. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى مەكتەپلەر كۆلەم جەھەتتىن زورىيىپ، مۇكەممەللىشىپ، دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قوشۇۋېتىش ئەسلىدە پايدىلىق ئىش. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ئىش تەقسىماتىنىڭ تارىيىشى، تۈزۈلمىنىڭ قامال قىلىنىشى، تۆۋەن سەۋىيەنىڭ قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىشى، دائىرىسى كىچىك ئەمما مۇكەممەل بولغان ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇش ئەندىزىسى، بولۇپمۇ كۆپ يىللاردىن بېرى مەنپەئەت جەھەتتىن گۇرۇھلىشىپ كەتكەنلەرگە پايدىلىق، بىراق كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ قوشۇۋېتىلىشى كۆلەم جەھەتتە زورىيىشنى، مۇكەممەللىشىشنى قوغلاشقانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكىنى ئاللىبۇرۇن يوقىتىپ قويدى. جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چاڭچۈندىكى ئاساسلىق بىر نەچچە ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قوشۇۋېلىپ، كۆلەم جەھەتتىن زورىيىپ، كىشىگە جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى چاڭچۈندە ئەمەس، بەلكى چاڭچۈن جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىدەك تۇيغۇ بەردى. بۇنىڭ بىلەن جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەسلىدىكى سەۋىيەسى يوقىلىپ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى يوقالدى. ۋۇخەندە ئەسلىدە سۇ ئىشلىرى ئىنستىتۇتى، ئۆلچەش ـ سىزىش ئىنستىتۇتى بار بولۇپ، ناھايىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. مەن بۇنىڭدىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقتىمدىلا خەۋەردار ئىدىم. ھازىر ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. ئەمما ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكمۇ يوققا چىقتى. ھېلىمۇ ياخشى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلەشتۈرۈۋېتىلمىدى. ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكىنىڭ يوقىتىۋېتىلىشى ناھايىتى چوڭ مەسىلە، ھازىر ھەممىسى «تەكشى بولۇشماقتا».

تۆتىنچى خىل كېسەل: ئەمەل سورۇنىغا ئايلىنىش. ھازىر ئەمەل سورۇنىغا ئاساسلىق مەكتەپتىكى باشقۇرغۇچى خادىملارغىمۇ ئاتالمىش مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىلىك، نازىر دەرىجىلىك... قاتارلىق مەمۇرىي دەرىجىلىك قالپاقلار كىيدۈرۈلدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەتتە يامان نىيەتنىڭ بولۇشى ناتايىن، بەلكىم مەكتەپنىڭ مەبلەغنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەمما بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولمىدى، مەكتەپتىكى ئەمەلدارلىق ئورنىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇشقا ياردەمچى بولدى. ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى يۇقىرىغا ئۆسەلمىگەن بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بېرىپ مەكتەپ مۇدىرى ياكى شۇجى بولدى. بۇ مەكتەپلەردە ئەمەلدارلىق ئورنىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلاردىكى 1 ـ دەرىجىلىك پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ بەزىلىرى يۇقىرى دەرىجىدە كەسپلەشكەن بولۇپ، ھەممىسى باشقا ساھەدىكىلەردىن بولغاچقا، كەسپنى چۈشىنەلمەي خىزمەتكە ماسلىشالمىدى. بۇ جەھەتتە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەزكۇر ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلاردىكى ئوقۇتقۇچىلار بولغاچقا، ئۇلار «رەھبەر» بولماي يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىقنى قىلىۋەردى.

ھازىر ئۇنىۋېرسىتېتلار ئەمەلدارلىق سورۇنىغا ئايلىنىپ، كىم باشلىق بولسا، شۇ تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئېرىشەلەيدۇ. ھەتتا بىر قىسىم پروفېسسورلار باشقارما باشلىقلىقىنى تالاشماقتا. بۇ نېمىدېگەن نومۇس ھە، باشقارما باشلىقلىقى مۇھىم ئەمەس دېمىدۇق، ئەمما بۇ خىل كەيپىيات مەكتەپكە ماس كەلمەيدۇ. باشقۇرۇش مەكتەپلەردىكى ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتلاردا كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇ ناھايىتى مۇھىم. ئەمما باشقۇرۇش بىلەن رەھبەرلىك قىلىش ئەمەس، بەلكى ئوقۇتۇش پەن تەتقىقاتىغا مۇلازىمەت قىلىشتۇر. (ئوقۇتقۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش دېگەنلىك ئەمەس) باشقۇرۇش ياخشى بولغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى بولىدۇ، ئەمما باشقۇرۇش ئەمەلدارلىق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

مەن بىر قىسىم مەكتەپلەرگە بېرىپ باققان. بەزى

ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلاردىكى ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، مەكتەپ مۇدىرى، فاكۇلتېت مۇدىرلىرىنى كونترول قىلالايدىغانلىقىنى، ئەمەل دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى ئېنىق ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم. خىلمۇخىل سورۇنلاردا بىر - بىرىنى خۇددى ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكىگە ئوخشاش ئەمەل دەرىجىسى بىلەن چاقىرىدىكەن. مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا نۇرغۇن يىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغانىدىم. فاكۇلتېت ئىچىدە مېنى كەمدىن - كەم «ۋېن مۇدىر» دەپ چاقىراتتى. مەن بۇ خىل چاقىرىشتىن بىئارام بولاتتىم. نۇرغۇنلىغان ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئەمەلدارلىق ئورنى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىگە يەتكەن بولۇپ، پەقەت چىۋىننىڭ قانىتىچىلىك ئەمىلى بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئورنى پروفېسسورلاردىن، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىكەن. مۇشۇنداق بىر تۈزۈلمە ئاستىدا «ئىدىيەدە ئەركىن بولۇش، ھەممىنى كۆڭلىگە سىغدۇرۇش»تەك ئۆگىنىش ئىستىلىنىڭ بولالىشى مۇمكىنمۇ؟

تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى، نۇرغۇنلىغان ئۇنىۋېرسىتېتلاردا شۇجى بىلەن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، دېيىلىۋاتقىنى پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى بولسىمۇ، ئەمما «ئىككىلا بىرىنچى قول رەھبەر» پارتىيە بىلەن سىياسىي ئايرىمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟ كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ ھەقىقىي «بىرىنچى قول رەھبەر» بولىدۇ، ئەپلەشتۈرەلمىسە زىددىيەتنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىشىپ، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ مەسىلە قارىماققا ھەل قىلىش ناھايىتى تەستەك بولغىنى بىلەن، ھامان ئامال قىلىپ ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلدارلىق ئورنى باشقىلارغا بېقىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، زىيالىيلارنىڭ مۇستەقىل ئىدىيەسى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنى، تەپەككۇرىنى يوقىتىپ، روھنى ھالاك قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى پاترىئارخاللىق تۈزۈمى بىلەن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، يېقىنقى زاماندىن بۇيان شەكىللەنگەن جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ روھىنى چىرىتىۋەتتى.

بەشىنچى خىل كېسەل: «كۆپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش». ئىلگىرى كۆپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ، قايتا - قايتا پاراكەندە قىلىناتتى. بۇ «كۆپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش» ئىدى. ھازىرمۇ ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، «ئۈزلۈكسىز ئىستراتېگىيە»، «قۇرۇلۇش» ئېلىپ بېرىش دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن قىلىنىۋاتقان رەڭگارەڭ «كۆپ ھەرىكەتلەر»نى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپمۇ ئۈلگۈرەلمەيمىز. بۇنىڭدىن مەقسەت ياخشى بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇنىڭ ئۈنۈمى ئادەمنى گۇمانلاندۇرماي قالمايدۇ.

مائارىپتا كەينىگە يېنىش بولۇۋاتىدۇ. ئۆزگەرتىۋەرمەسلىك كېرەك. بەزى تەجرىبىلەرنى كۆپ يىل ئىشلەنگەندىن كېيىن ئاندىن يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەجرىبە سىنىپى ئېچىلدى، بىر قانچە قارار ئېچىلغاندىن كېيىن توختىتىپ قويۇلدى، ھەم خۇلاسىمۇ چىقىرىلمىدى، مەن ئۇنى «سوغۇق تەگمەيلا ئۈششۈپ قېلىش» دەپ ئاتىدىم. ئارقىدىنلا يەنە «ئەلىيۇلئەلالارنى يېتىشتۈرۈش ئىنستىتۇتى» قۇرۇلدى، تەجرىبە توپلاشقا ئالدىراپ كەتتۇق. نەتىجىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دورامچىلىق ئەۋج ئالدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تولۇق كۇرس مائارىپى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرسىمۇ، يەنە نېمە ئۈچۈن ئىشنى چوڭايتىمىز؟ گەرچە سىناق قىلىش بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا يەنىلا جەريان كېرەك، ئىز قوغلاپ سىناق قىلىش كېرەك. بىز ھەممىمىز ئۆپكىمىزنى باسالمايمىز، ھەمىشە ئىسلاھ قىلىشنى ئويلايمىز - يۇ، ئەجىر سىڭدۇرۇشنى خالىمايمىز. مەسىلەن: بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار تولۇق كۇرس مائارىپىغا زادى قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلالىدى، بۇنىڭ ئۆزى بىر چوڭ مەسىلە.

يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلار خىزمەت نەتىجىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، مائارىپقا مەبلەغ (GDP) سالىدۇ، شۇڭا «ھەرىكەت كۆپ ئېلىپ بېرىلىدۇ». بىراق مەكتەپلەر ئۆزىگە تايىنىشى، ئامالىنىڭ بارىچە «كۆپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش»نى چەكلىشى كېرەك. مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا توققۇز يىل فاكۇلتېت مۇدىرى بولغان كۈنلەردە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرى دېگۈدەك ئىنستىتۇت قىلىپ ئۆستۈرۈلدى، مەن: «شامالغا ئەگەشمەيلى، ئىنستىتۇت قىلىپ ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرى ئىنستىتۇت

قىلىپ ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىر نېمە دەيلى» — دېدىم. ھازىر باشقا يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرتىلدى. بىراق بۇ يەردىكىسى يەنىلا ئۆز پېتى تۇرماقتا. مەن فاكۇلتېت مۇدىرلىقىدىن قالدىم. كېيىن ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئىنستىتۇت قىلىپ ئۆستۈرۈلەمدۇ ـ يوق، بىر نېمە دېمەك تەس. بىز پەقەت «رەڭۋازلىق» ئۈستىدىلا كۈچ سەرپ قىلساق بولمايدۇ.

«كۆپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش»قا نىسبەتەن، بىز يېقىنقى يىللاردىن بېرى، «باش ئەگمەسلىك، يېڭىلىق يارىتىش»نى تەشەببۇس قىلدۇق، نىسبەتەن جاپالىق شارائىتتا ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقاتلىرى ۋە دەرسلىك قۇرۇلۇشى بىر قەدەر ياخشى سەۋىيەنى ساقلاپ تۇرالىدى. بۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كەڭ قورساق بولغانلىقىنىڭ پايدىسى، مەكتەپ بىزنى «كۆپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش»قا مەجبۇرلىمىدى. نۇرغۇن ئەھۋاللاردىن مەلۇمكى ياخشىلاش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدۇ. مائارىپنى باشقۇرۇش بىلەن زاۋۇتنى باشقۇرۇش ئوخشاشمايدۇ، مائارىپ تەجرىبە توپلاشقا ئېھتىياجلىق، ئۆزگىرىش بەك كۆپ بولۇپ كەتسە مۇۋاپىق ئەمەس. بىزنىڭ «توغرىلىقتا چىڭ تۇرۇش»نى «يېڭىلىق يارىتىش»نىڭ ئالدىغا قويۇشىمىز، ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنىڭ ئاساس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مائارىپتا يەڭگىللىك بىلەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نى قوللىماسلىقتىن ئىبارەت. بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز ئەڭ تۈپكى ئىنسانىي ئەخلاق روھىدا چىڭ تۇرۇش، ھەم ئۇنى ئاكتىپ قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

---

ۋېن رۇمىن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما خەنزۇچە «تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2012 ـ يىلى 3 ـ ئايلىق 2 ـ سانىدىن ئابدۇقەييۇم ئابدۇرەھىم تەرجىمىسى

## كەلكۈن

A، B ئىككى ناھىيەنىڭ ھاكىمى بىرلا ۋاقىتتا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپتۇ.

A ناھىيەنىڭ ھاكىمى ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ناھىيەدىكىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئىشلەپ، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن يۇقىرى سۈپەت بىلەن قۇرۇلۇشنى تاماملاپتۇ، B ناھىيەدىكىلەر قىمىر قىلماپتۇ.

ياز كۈنلىرى كەلكۈن كەپتۇ. A ناھىيەدىكىلەر ياخشى تەييارلىق قىلغاچقا خېيىم ـ خەتەر بولماپتۇ. ئەمما B ناھىيەدە كەلكۈن ھەممە ئەتراپقا يامراپتۇ.

مۇخبىرلار B ناھىيەگە توپلىنىپ، ھاكىمنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جانپىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاكىمنىڭ نامى يىراق ـ يېقىنلارغا تارقىلىپتۇ، نەچچە ئايدىن كېيىن مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپتۇ.

A ناھىيە ھاكىمى بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ ـ دە، شۇنىڭدىن باشلاپ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتماي كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىشنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ.

شىياجۈن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما خەنزۇچە «فىلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2012 ـ يىل 5 ـ ئايلىق كېيىنكى سانىدىن ئابدۇقەييۇم ئابدۇرەھىم تەرجىمىسى

## ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرى

توغرا ـ خاتالىق قانۇنىيىتى: سەن توغرا قىلغان چېغىڭدا ھېچكىم ئۇنى ئېسىدە چىڭ تۇتمايدۇ، ئەمما خاتالاشقان چېغىڭدا ھەتتا نەپەس ئېلىشىڭمۇ خاتا دېيىشىدۇ.

قائىدىلىك بولۇش قانۇنىيىتى: ئادەملەرنىڭ يولسىزلىقى نۇقساندۇر، قائىدىلىك بولۇشى قايغۇلۇقتۇر.

كەمتۈكلۈك قانۇنىيىتى: ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەمىشە ئەقىل ـ ئىدراك جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدۇ، ئەقىل ـ ئىدراك ئەدەپ ـ ئەخلاق جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكنى

مەڭگۈ تولۇقلىيالمايدۇ.

**ئېزىقتۇرۇش قانۇنىيىتى:** توسقىلى بولمايدىغان ئېزىقتۇرۇش مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىلگىرى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان ئېزىقتۇرۇشتۇر.

**ۋاقىت قانۇنىيىتى:** كىشىلىك ھاياتىڭىزنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىشقا ئۇرۇنماي، ۋاقتىڭىزغا ھايات ئاتا قىلىشقا تىرىشىڭ.

**ئاددىيلىق قانۇنىيىتى:** ھېچقانداق بىر كىشى سۇنىڭ ئاددىيلىقى توپەيلى سۇ ئىچىشتىن ۋاز كەچمەيدۇ، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر كىشى تۇرمۇشنىڭ ئاددىيلىقى توپەيلى ھاياتىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

**مەغلۇبىيەتچىلىك قانۇنىيىتى:** مەغلۇپ بولۇش ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ۋاقتىڭىز ۋە ھاياتىڭىزنى ئىسراپ قىلىۋەتكەنلىكىڭىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ھەممىنى قايتىدىن باشلاشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئادەمنى تونۇش قانۇنىيىتى:** بىرەر ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىدە نېمىنىڭ كەملىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ نېمىنى كۆز- كۆز قىلىدىغانلىقىغا قاراڭ، بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزىنى كەمسىتىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ نېمىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراڭ.

شى مىنيۈ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما خەنزۇچە «فىلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2012- يىل 5- ئايلىق كېيىنكى سانىدىن ئابدۇقەييۇم ئابدۇرەھىم تەرجىمىسى

## مال- دۇنيا ۋە ھايات

بىر باي ياش ۋاقتىدا ئىنتايىن نامرات بولۇپ، ئەتەدىن كەچكىچە باي بولۇش ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئاخىر باي بوپتۇ. بىراق باي بولغۇچە چاچلىرىنىڭ ھەممىسى ئاقىرىپ، قول ئىلكىدىكى مال- دۇنيالىرىنىڭ پەيزىنى سۈرمەيلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىپتۇ.

باي جەننەتكە بارغاندىن كېيىن، قۇدرەتلىك تەڭرىنى كۆرۈپتۇ. باي تەڭرىدىن:

— ئۇلۇغ تەڭرىم، ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرى سىزگە نىسبەتەن قانچىلىك؟ — دەپ سوراپتۇ. تەڭرى:

— بىر قېتىم نەپەس ئالغۇچىلىك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. باي:

— كىشىلىك ھاياتتىكى مال- دۇنيالارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قانچىلىك قىممەتكە ئىگە؟ — دەپ سوراپتۇ. تەڭرى:

— بىر دۆۋە لايدۇر، خالاس، — دەپتۇ. باي:

— قۇدرەتلىك تەڭرىم، سىز ماڭا يەنە بىر قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلىپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. تەڭرى:

— بولىدۇ. بىراق سەن ماڭا بىر دۆۋە لاي يارىتىپ بېرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. باي:

— قۇدرەتلىك تەڭرىم، مەن بىر دۆۋە لاي يارىتالمايمەن. مېنىڭ ئۆمۈر بويى يىغقان مال- دۇنيارىمغا بىر دۆۋە لايىنى ئالماشتۇرسام بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

تەڭرى: «بولىدۇ» — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تەڭرى بايغا بىر قەبرە بېرىپتۇ. باي گاڭگىرىغان ھالدا:

— شەپقەتلىك تەڭرىم، مەن قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشسەم دەيمەن، بىراق سىز نېمە ئۈچۈن ماڭا بىر قەبرە ئاتا قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. تەڭرى باينىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بىچارە بەندەم، سەن ئۆمرۈڭ بەدىلىگە مال- دۇنيا تاپتىڭ، بىراق بىر ئۆمۈر تاپقان مال- دۇنيايىڭغا ھاياتلىقنى سېتىۋالالمايسەن. سەن پەقەت بىر دۆۋە لايلا سېتىۋالالايسەن، سەن بۇ يەردە خاتىرجەم ياتقىن، — دەپتۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھايات بەدىلىگە مال- دۇنياغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، بىراق مال- دۇنياغا ھاياتنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

ۋۇلىشىن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما خەنزۇچە «پاراسەت ۋە ئەقىل» ژۇرنىلىنىڭ 2012- يىل 2- ئايلىق كېيىنكى سانىدىن ئابدۇقېيىم ئابدۇرەھىم تەرجىمىسى

---

تىلماچ: يوپۇرغا ناھىيە تېرەم يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى

# جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى بەش چوڭ كەمتۈكلۈك

بىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئارقىدا قېلىشى، ئالدى بىلەن ئىلىم ساھەسىدە ئارقىدا قېلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئىلىم ساھەسىدە ئارقىدا قېلىشى، ئەڭ ئالدى بىلەن تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ ئارقىدا قېلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بىر قىسىم جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇرىدا بەش چوڭ كەمتۈكلۈك بار:

بىرىنچىدىن، كىتاب ئوقۇمايدۇ، ئۆگىنىش قىلمايدۇ، مەمەدانلىققا ئامراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە پاراسەت كەمچىل.

ئىككىنچىدىن، لوگىكىلىق ۋە ماتېماتىكىلىق تەھلىل ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل.

ئۈچىنچىدىن، بىكارلىق نەپكە بولغان ھېرىسمەنلىكى، ئاخىرىدا كېلىپ ئۇلارنى مەنپەئەتنى ئۈچۈن ئەقلىدىن ئېزىقتۇرۇپ قويىدۇ.

تۆتىنچىدىن، «قۇتقۇزغۇچى»لارغا بېقىنىۋېلىشىدەك ئىدىيەۋى ھالىتى، ئۇلارنى ئۆزلۈكسىز تۈردە قۇل بولۇش ۋە ئۆز - ئۆزىنى قۇل قىلىش كوچىلىرىغا سۆرەپ ئاپارغان.

بەشىنچىدىن، نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىقى، بۇ جەمئىيەتتە ئەركىن، ئادىل، ھەققانىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قانۇنىيەتنىڭ ھەقىقىي تۈردە تىكلىنىشىگە توسالغۇ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كۆچەيتىشىگە ئەمەس، ئۆز - ئۆزىنى خورىتىش پاتقاقلىرىغا پېتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ زىيانلىق بولغىنى، لوگىكىلىق ۋە ماتېماتىكىلىق تەھلىل ئىقتىدارىنىڭ كەمتۈكلۈكىدۇر.

گەپنى ئالدى بىلەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ مەمەدان، لېكىن ئەمەلىي پاراسەتكە دىققەت قىلمايدىغانلىقىدىن باشلايمىز. 2010 - يىلىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەر خىل ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇش مىقدارىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سانى 4.25 پارچە بولغان. ھالبۇكى شۇ يىلى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئون پارچىدىن ئارتۇق بولغان. ئىسرائىلىيە، دانىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەتتا 40 - 50 پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن. كىشىلەر ئارىسىدىكى پەرق، ئىشتىن سىرتقى ۋاقتنى، بولۇپمۇ سائەت سەككىزدىن ئونغىچە بولغان ۋاقتنى نېمىگە سەرپ قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن جۇڭگولۇقلار «مۇناسىۋەت دېگەنلىك — ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېمەكتۇر» دەيدىغان ئەقىدىگە ئىخلاس قىلىدۇ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى يەپ - ئىچىش، قارتا - ماجاڭ ئويناش قاتارلىق سورۇنلارغا سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى، ئىلىم، پاراسەت، قائىدە - قانۇنىيەت ۋە زاماننىڭ تەرەققىيات دولقۇنلىرىدىن ئەمەس، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىن قۇۋۋەتلىنىدۇ، مانا بۇ مەمەدانلىقنىڭ نامايەندىسى، شۇنداقلا ئەمەلىي پاراسەتنىڭ كەملىكى.

ئەمدى جۇڭگولۇقلاردىكى لوگىكىلىق ۋە ماتېماتىكىلىق تەھلىل ئىقتىدارىنىڭ ئومۇميۈزلۈك كەمچىللىكى ئۇستىدە توختىلىمىز. ھىندىستاندا 70% ئادەم ساۋاتسىز، لېكىن دۇنيانىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن IT ساھەسى ۋە بىيولوگىيەلىك دورا ياساش ساھەسى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدۇ. جۇڭگونىڭ جاي - جايلىرىدا سودىگەر چاقىرىم مەبلەغ كىرگۈزۈش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، «دۇنيانى زاۋۇتى» بولماقچى بولغان چاغدا، ھىندىستان ئۈن تىنسىز ھالدا دۇنيا ئۈچۈن ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى پاراسەت ۋە ئەقلى كاللىنى رويابقا چىقىرىپ بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى ھىندىستاننىڭ لوگىكىنى تۇتقا قىلغان مائارىپىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇكەممەل تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە لوگىكىلىق ئۇسۇلنى يېتىشتۈرۈشتە، ئۆلچەملىك جاۋابى بولمىغان مائارىپ شەكلىنىڭ ياردىمى تېخىمۇ چوڭ بولغان. ھىندىستاندا مەيلى قانداقلا دەرسلىكنىڭ ئىمتىھانى بولسۇن، ئىمتىھان شەكلى بىردەك ھالدا بايان ۋە مۇھاكىمە سوئالى بولىدۇ، توغرا - خاتاسى مۇتلەق بولىدىغان تاللاش سوئاللىرى ھىندىستان ئوقۇغۇچىلىرىغا بەكلا قاراڭغۇ.

ئىقتىسادشۇناس چىن جىۋو ئامېرىكىچە مائارىپ ئۇستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «تەپەككۇر ئىقتىدارى مەشقى — ئامېرىكىچە مائارىپنىڭ جېنى. ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرسى، دەرسخانىدىكى بايان قىلىش ۋە مۇنازىرىلىشىشتىن ئىبارەت. يەسلىدىن تارتىپلا مۇئەللىم بالىلارغا نۇرغۇن

بايان قىلىش پۇرستى بېرىدۇ، مەلۇم مەسىلىگە نىسبەتەن ئۇلارنى ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ۋە باشقىلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. يەنە بىرسى، پەن - تېخنىكىلىق ئۇسۇلدىن ئىبارەت بۇ تۆردىكى ئۇل مەشقى. كۆپلىگەن مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلاردىن باشلانغۇچنىڭ 4 -، 5 - يىللىقلىرىدىن تارتىپلا پەن - تېخنىكىنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلەپ بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداقتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىش، تەتقىقاتلىرىغا ياخشى ئۇل سېلىنىپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پۇقرالىق ۋە سايلىغۇچىلىق سالاھىيىتى ئۈچۈن تەپەككۇر ئۇسۇلى نەزەرىيەسى تەييارلىنىدۇ. سىز ھەرگىزمۇ پەن - تېخنىكىلىق ئۇسۇل مەشىقىگە سەل قارىماڭ. مەن تا ھازىرغىچە دۆلىتىمىزدىكى دوكتور ئاسپىرانت، ھەتتا ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى، مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىشى ۋە ئىلمىي ماقالە يېزىش شەكلى قاتارلىقلاردىن ئۇلارنىڭ پەن - تېخنىكىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسلىق ئۇسۇللىرىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنگەنلىكىنى ھېس قىلالمىدىم».

100 يىل بۇرۇنلا يەن فۇ: «غەربنىڭ مەدەنىيەتلىك، دېموكراتىك ۋە باي - قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى، لوگىكىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقىدا، جۇڭگولۇقلار غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنى لوگىكىدىن باشلىشى كېرەك» دېگەنىدى.

ئەگەر بىر ئادەم لوگىكىلىق تەپەككۇردىن ئايرىلسا، ئۇنداقتا ئۇ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ؛ شۇنىڭدەك ئەگەر بىر دۆلەت ۋە مىللەت لوگىكىلىق تەپەككۇردىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنداقتا پۈتكۈل دۆلەت ۋە مىللەت مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ.

بىكارلىق نەپكە ھېرىسمەن كۆڭۈل ۋە «قۇتقۇزغۇچى»لارغا بېقىنىۋالىدىغان ئىدىيەۋى ھالەتنى خۇددى تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ، تۆۋەندە بۇلارنى بىرلىكتە تەھلىل قىلىمىز. ئۆي باھاسى يۇقىرىلاپ كەتسە ئۇلار ھۆكۈمەتكە كۆپرەك كاپالەت ئۆي مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئارقىدىنلا قاتتىق باش قاتۇرۇپ، بازار باھاسىدىن خېلىلا تۆۋەن بىر يۈرۈش كاپالەت ئۆيگە ئىلتىماس قىلىدۇ ياكى ئەپلەپ - سەپلەپ كاپالەت ئۆيلىرىنى بازار باھاسىدىن خېلىلا تۆۋەن باھادا سېتىۋالىدۇ. دائىم دېگۈدەك ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممىگە قادىر بىر ئىلاھنىڭ پەيدا بولۇپ، ئۆزى ئۈچۈن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. «ھۆكۈمەت — ئۇ بايلىق ياراتقۇچى ئەمەس، بەلكى بايلىقنى تەقسىملىگۈچى. تەقسىملەش جەريانىدا زور مىقداردا مەمۇرىي مەبلەغ خورايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى، مۇھىت بۇلغىنىشى قاتارلىقلارغا دۇچ كەلسە، ھەتتا قانداقلا ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىسا ھۆكۈمەتكە نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ، ھۆكۈمەتنى قىلالمايدىغان ئىشى يوق، ھەممىگە قادىر ئىلاھ سۈپىتىدە قارايدۇ.

جەمئىيەت كىرىزىسكە پاتسا، كىشىلەر ئاۋارىچىلىككە يولۇقسا، پۇقرالار ئالدى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل تەھلىل شەكلى پەقەت ھوقۇقنىڭ كېڭىيىشىنى ئىغىرلاشتۇرۇپ، بازار ۋە شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى تېخىمۇ مەھكەم بوغىدۇ.

جۇڭگودا كەڭ ئومۇملاشقان، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئادەت سۆزىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بىر جۈملە سۆز بار، ئاۋارىچىلىككە يولۇققاندا مەسئۇلىيەتنى «دۆلەت بەك چوڭ، نوپۇس ئىنتايىن كۆپ، باشقۇرۇپ بولغىلى بولمايدۇ» دېگەن سۆزگە ئىتتىرىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەيلى ھەرقانداق دۆلەت ياكى رايون بولسۇن، نوپۇسنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلدارلار پەقەت ئاز سانىنى ئىگىلەيدۇ، ئاتالمىش «باشقۇرۇش»نى ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارىدۇ، ئادەم ئۆمرىدە ئۇرغۇنلىغان پائالىيەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ھەممە ئىشنى ئەمەلدارلارلا باشقۇرسا ئەمەلدارلار قانداقمۇ باشقۇرۇپ بولالىسۇن؟

تولى داخۇن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «ئالاھىدە نەزەر» ژۇرنىلى 2012 - يىللىق 5 - سانىدىن ئۇربىيە ھۆسىيىن تەرجىمىسى

---

تىلماچ: قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىشەھەر ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى

# ئۈچ پارچە مىكرو فېلىيەتون

## سىلەر چوڭ داداڭلارنىڭ جېنىنى ئالماقچىمۇ؟

جاڭ غوجايىن كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىپ، دادىسىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپلا ئوغلىغا شەھەردىكى بىر قانچە دوختۇرخانىلارنىڭ قىزىل بولاق ئېلىش ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بېقىشنى تاپىلىدى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ جاڭ غوجايىن شىركەتكە قايتىپ ئوغلىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى.

— شەھەر بويىچە بار بولغان بەش دوختۇرخانىنىڭ ھەممىسىنىڭ تېمىدا «قىزىل بولاقسىز دوختۇرخانا» دېگەن ۋېۋىسكا ئېسىلىپتۇ، — دېدى ئوغلى دوكلات قىلىپ، — لېكىن راستىنلا قىزىل بولاق ئالمايدىغان دوختۇرخانىدىن بىرسىلا بار ئىكەن. تۈنۈگۈن مەن چوڭ دادامنى شەھەر بويىچە قىزىل بولاق ئالمايدىغان ئاشۇ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.

— سەن چوڭ داداڭنىڭ جېنىنى ئالماقچىمۇ؟ — دېدى جاڭ غوجايىن ئاچچىقلىنىپ. ئوغلى بېشىنى تۆۋەن سالدى. بۇنى كۆرگەن جاڭ غوجايىن ئاۋازىنى بوش قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قىزىل بولاق ئالمايدىغان دوختۇر بولامدۇ؟ ئەڭ ئىقتىدارسىز دوختۇرلار قىزىل بولاق ئالمايدۇ. قانداق دوختۇرخانا قىزىل بولاق ئالمايدۇ؟ كېسەل مېڭىپ كىرىپ، ماڭالماس بولۇپ چىقىپ كېتىدىغان دوختۇرخانىلار قىزىل بولاق ئالمايدۇ. قېنى دەپ باقە، چوڭ داداڭنى مۇشۇنداق دوختۇرخانىدا ياتقۇزغانلىق ئۇنىڭ جېنىنى ئالغانلىق بولمامدۇ؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئوغلى دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىپ چوڭ دادىسىنىڭ بىر تىنىقلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭ دادىسىنى يۈدۈپ، سېستىرالاردىن تارتىپ ناركوز دوختۇرلىرىغىچە قىزىل بولاق ئالىدىغان دوختۇرخانىغا يۆتكىدى.

## يەنە تۆتى قوشۇلدى

مەلۇم دوختۇرخانىنىڭ كارىدورىنىڭ تېمىغا، تەبەسسۇم كۆپرەك، گەپ - سۆز مۇلايىمراق، ئاغزىمىز تاتلىقراق، ئاچچىق ئازراق، قورساق كەڭرەك، مېڭىمىز جانلىقراق، پۇت - قولىمىز يەڭگىلرەك، ھەرىكىتىمىز تېزرەك، قىلغان ئىشىمىز كۆپرەك، ئۈنۈم يۇقىرىراق بولسۇن، دەپ يېزىلغانىدى. بىر كۈنى كەچتە يۇقىرىقى شوئارنىڭ ئارقىسىغا دورا باھاسى قىممەترەك، تەكشۈرۈش كۆپرەك، ھىيلە - نەيرەڭلىرىمىز پەملىكرەك، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە قاتتىق قولراق، دەپ قوشۇلۇپ قالدى.

## ئوغلى بولايمۇ ياكى دادىسى

بازار باشلىقى كېسەل بولۇپ قېلىپ كېسەلخانىدا ياتماقچى بولدى. ئىشخانا مۇدىرى بازار باشلىقىنى ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىنىشنى ئېيتتۇۋىدى، بازار باشلىقى قوشۇلماي، بازارلىق دوختۇرخانىدا داۋالىنىشتا چىڭ تۇردى.

— نېمىلا قىلغان بىلەن ناھىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى ياخشىراق، — دېدى مۇدىر چۈشەنمەي.

— سىز نېمىنى بىلەتتىڭىز؟ — دېدى بازار باشلىقى نارازى بولۇپ، — ئەگەر بازارلىق دوختۇرخانىدا داۋالانسام دوختۇرخانا خۇددى دادىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، ئەڭ ياخشى ياتاقتا ياتقۇزىدۇ، ئەڭ ياخشى دورا ئىشلىتىدۇ، ماڭا ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمايدۇ. مەن ئاغزىمنى ئېچىپ بولغۇچە ، شەھەردىكى ئەڭ ياخشى دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ دىياگنوز قويدغۇزىدۇ. ئەگەر مەن ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بارسام، ئوغلى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىمەن، دوختۇرخانا ماڭا ئوغلىغا مۇئامىلە قىلغانىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ، قېنى دەپ بېقىڭا، مەن دادىسى بولايمۇ ياكى ئوغلىمۇ؟

ۋاڭ چياڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىلار «فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2010 - يىل 28 - سىنتەبىر سانىدىن سۇلتانى تەرجىمىسى

# بۆلۈم باشلىقىنىڭ ھەپتىلىك خىزمەت خاتىرىسى

دۈشەنبە: چۈشتىن بۇرۇن ئىشخانىنى تازىلىدىم، شەنبىگە نەزەر سالدىم، يەكشەنبە كۈنى نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسى ئېلىپ كىرگەن گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆردۈم، قالغان ۋاقىتتا تورغا چىقىپ، يېقىندا تونۇشقان بىر قانچە قىز تورداش بىلەن توردا پاراڭلاشتىم.

چۈشتىن كېيىن ھاۋا بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئىدارە باشلىقى چەت ئەلگە تەكشۈرۈشكە چىقىپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئىلگىرىكى قارتىداشلار بىلەن بىر ئائىلە ئارامگاھىغا بېرىپ چاي ئىچكەچ قارتا ئوينىدۇق. كەچتە بىر غەربچە رېستورانغا بىر قىز توردىشىمىزنى تەكلىپ قىلىپ تاماق يېدۇق. بىر ـ بىرىمىزگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش يۈزىسىدىن ناھايىتى كۆپ ھاراق ئىچتۇق. ئايرىلىدىغان چاغدا قۇچاقلىشىپ ئايرىلغىنىمىز ئۈچۈن ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئۇيقۇم قېچىپ ئۇخلىيالمىدىم.

سەيشەنبە: مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر قانچە يېزا، بازارغا بېرىپ خىزمەت تەكشۈردۇق، بىر ئۈلگە كۆرستىش كەنتىگە بېرىپ، يېڭى يېزا قۇرۇش ئەھۋالىنى كۆرۈشكە ئون بەش مىنۇت ۋاقىت كەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ كەنتتىكى بىر دېھقانلار ئارامگاھىدا بازار كادىرلىرى بىلەن ماجاڭ ئوينىدۇق. تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، 3000 نەچچە يۈز يۈەن ئۇتۇۋالدىم.

كەچتە ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرىدىغان بازارلىق پارتكوم شۇجىسى، بازار باشلىقى بىلەن شەھەرگە قايتىپ، بىر رېستوراندا كەچلىك تاماق يېگەندىن كېيىن 19 ـ قەۋەتتىكى كۆڭۈل ئېچىش شەھەرچىسىگە چىقىپ، ناخشا ئېيتىپ، تانسا ئويناپ مېڭىنى ئارام ئالدۇردۇق. ئىدارە رەھبەرلىكى ئۇ بازارنىڭ خىزمىتىنى شەھەر بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن دەپ ماختىدى، بۇنداق ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ماختىماي يەنە كىمنى ماختايمىز؟

چارشەنبە: چۈشتىن بۇرۇن بىزنىڭ ساھەگە مەسئۇل يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىدارىمىزگە خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلىشقا كەلدى. ئىدارە باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، شەھىرىمىزدىكى بىر قانچە ساياھەت نۇقتىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

چۈشتىن كېيىن 30 نەچچە مىنۇت داۋاملاشقان بىر سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، تەكشۈرۈشتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ئىدارە باشلىقىغا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدىم.

كەچتە شەھەر بويىچە ئەڭ ئالىي بەش يۇلتۇزلۇق شەرقىي ئاسىيا خەلقئارا كاتتا رېستورانىدا زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ يۇقىرىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنى كۈتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ قارتا ئوينىدۇق. بۇ قېتىم تەلىيىم كەلمەي بىردەمدىلا 4000 نەچچە يۈز يۈەن ئۇتتۇرۇۋەتتىم. تازا ئىچىم ئېچىشىپ تۇرغاندا ئىدارە باشلىقى قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:

— ھېچقىسى يوق، ئۇتتۇرۇۋېرىڭ، ۋاقتى كەلگەندە ھەممىنى مېھمان كۈتۈش خىراجىتى بىلەن قوشۇپ بىر تەرەپ قىلىمىز...

بۇنىڭ بىلەن سەھەر سائەت بەشكىچە كۆرەش قىلدۇق.

پەيشەنبە: چۈشتىن بۇرۇن ئاخشام تالڭ ئاتقىچە جەڭ قىلىپ ھاردۇق يەتكىنى ئۈچۈن ئۆيدە ئۇخلىدىم.

چۈشتىن كېيىن خوتۇنۇمنىڭ ئىنىسى قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ تۇتۇپ قالغان ماشىنىسىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلدىم، ھېلىمۇ ياخشى ماشىنىنى ئېلىپ چىقالىدۇق. ئەسلىدە باج تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەن. مۇناسىۋەتكە تايىنىپ مەن پاي قوشقان چايخانىدا چاي ئىچكەچ باج كەچۈرۈمگە ئېرىشتۇق.

كەچتە باج ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىكلەرنى تەكلىپ قىلىپ بىرگە تاماق يېدۇق ھەمدە ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ، ئوۋۇلاش شەھەرچىسىدە پۇت يۇدۇرۇپ بەدەن ئۇۋۇلاتتۇق.

جۈمە: چۈشتىن بۇرۇن ئىدارە ئورۇنلاشتۇرغان سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ راسا بىر مۈگدەۋالدىم.

چۈشتىن كېيىن ئىدارە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان ماجاڭ، قارتا بىلەن كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتناشتىم.

كەچلىك تاماقنى يېگەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ، خوتۇن، باللار بىلەن جەم بولۇپ ئائىلە شادلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولدۇم.

«فېلىيەتونلار گېزىتى»نىڭ 2012 ـ يىل 14 ـ ئاۋغۇست، 21 ـ ئاۋغۇست سانلىرىدىن سۇلتانى تەرجىمىسى

---

تېلماچ: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى پەيزاۋات شۆبىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چىرىكلىك ۋە ئوغرىلىق كېسىلى

«مۇزىي، گېڭجۇ» تەزكىرىسىدە خاتىرىلىنىشىچە: بىر قېتىم مۇزىي لوياڭلىق ئەپەندىمدىن سوراپتۇ: «مۇنداق بىر ئادەم بار، ئۇنىڭ چارۋىلىرى ناھايىتى كۆپ، گۆشنى يەپمۇ تۈگىتىپ بولالمايدۇ، بىراق باشقىلارنىڭ قوتۇرماچ ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە يەنىلا باشقىلارنىڭ قوتۇرمىچىنى ئوغرىلىۋالىدۇ. قېنى دەپ بېقىڭ، ئۆزىنىڭ نەرسىلىرى ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ئوغرىلىق كېسىلى بارمۇ؟». لوياڭلىق ئەپەندىم كېسىپلا «ئوغرىلىق كېسىلى بار» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مۇزىي يەنە «چۇ دۆلىتىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭرى، ئېچىپمۇ ئېچىپ، نەرسىلىرىنى ئىشلىتىپمۇ ئىشلىتىپ تۈگىتىپ بولالمايدۇ. بىراق ئۇ سۇڭ، جېڭ دۆلىتىنىڭ بوش زېمىنلىرىنى كۆرۈپلا بېسىۋالدى. بۇنىڭ ھېلىقى قوتۇرماچ ئوغرىلايدىغان ئادەم بىلەن نېمىسى ئوخشىمايدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. لوياڭلىق ئەپەندىم «ئوخشىمايدىغان ھېچ يېرى يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوغرىلىق كېسىلى بار» دەپتۇ.

ئوغرىلىق ئادىتى ئەسلىدە «ئوغرىلىق كېسىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئېنىقكى پىسخىكىلىق مەسىلە بولۇپ كىشىلەرنىڭ خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك قىلمىشىنى پىسخىكىلىق كېسەل نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا بۇ راستتىنلا يېڭى ئۇسلۇب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارىخورلارنىڭ چىرىكلىشىش سەۋەبى ھەققىدە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر نۇرغۇن تەھلىللەرنى ئېلىپ بارغان. بەزىلەر «بۇنىڭ سەۋەبى تۈزۈمدە نازارەتچىلىك، چەكلەش مېخانىزمى مۇكەممەل ئەمەس» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئەمەلدارلارنىڭ ئەخلاق ئېڭى تۆۋەنلەپ كەتتى» دەيدۇ. يەنە بەزىلەر «سىياسىي جەھەتتىن دېموكراتىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش روھى كەمچىل، كىشىلىك ھوقۇقا توغرا مۇئامىلە قىلالمىغانلىقتىن» دېيىشىدۇ. بۇ تەھلىللەرنىڭ ھەممىسى توغرا. بىراق ئۆزگىچە بىر خىل تەرىپىمۇ بار، يەنى مەن يەنە بىر نۇقتىنى قوشۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم؛ ئۇ بولسىمۇ چىرىكلىشىشنىڭ سەۋەبى ئەمەلدارلاردا بىر خىل پىسخىكىلىق كېسەل — ئوغرىلىق كېسىلى بار. بۇ «مۇزىي، گېڭجۇ» تەزكىرىسىنىڭ ماڭا بەرگەن ئىلھامى.

ھازىر بەزى ئەمەلدارلار راستتىنلا بىر خىيانەت قىلسا نەچچە 100 مىڭ، ھەتتا نەچچە 100 مىليون يۈەنگە خىيانەت قىلىپ بۇنچىۋالا جىق پۇلنى نېمە قىلىدىكىنە؟ خەجلەپ بولالامدىغاندۇ؟ ئائىلەمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن ۋە ئايالىم مائاشلىقلارنىڭ قاتلىمىغا كىرىدىمىز. مېنىڭ ئايلىق كىرىمىم 2000 يۈەن، ئايالىمنىڭ بولسا 1000 يۈەن. ئىككىمىزنىڭ قوشقاندا بىر ئايدا 3000 يۈەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇراھال دەرىجىدىكى شەھەر ئائىلىسى ھېسابلىنىمىز. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردىن ھېچقانداق غېمىمىز يوق. بالىلىرىمىزنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقىمۇ يېتىدۇ. پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك تۇرالغۇ، قاتناش دېگەندىن چەتنەپ كەتمەيدۇ، ناھايىتى شۇ ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭكىدىن يۇقىرى، ئالاھىدە نازۇ-نېمەتلەرنى يەيدۇ. داڭلىق ماركىدىكى كىيىم-كېچەكلەرنى كىيىدۇ، داچىلاردا ئولتۇرىدۇ. چاشۇما، خانتاجىلارنى ھەيدەيدۇ. شۇنداقتىمۇ نەچچە 10 مىليون، ھاتتا نەچچە 100 مىليون يۈەن پۇلمۇ كەتمەيدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق شۇنچە كۆپ خىيانەت قىلىپ پارا ئېلىشى، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بولماستىن، خۇددى ھېلىقى قوتۇرماچ ئوغرىسىغا ئوخشاش پۈتۈنلەي بىر خىل پىسخىكىلىق ھالىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئاللىقاچان «پۇلدىن ئايرىلالمايدىغان» ھالەتكە كىرىپ بولدى، خۇددى زەھەر چەككۈچىلەر «زەھەرگە خۇمار بولۇپ قالغاندەك» بىر كۈن چەكمىسە بۇرنىدىن سۇ ئېقىپ، كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ، پۈتۈن بەدىنىنى خۇددى قۇرت-قوڭغۇزلار چېقىۋالغاندەك بەكلا ئازابلىنىپ كېتىدۇ. خىيانەتچىلەرمۇ شۇنداق، خىيانەت قىلىپ تۇرمىسا كۆڭلى ئارام تاپمايد-

دۇ. بۇ پىسخىك كېسەللىك بولماي نېمە؟ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى ئاددىي ـ ساددا، مەسىلەن: جىلىن ئۆلكىسى بەيشەن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ سابىق سېكرېتارى ۋاڭ چۇن كونا كىيىملەرنى كىيەتتى، ئەبجەق ۋېلىسىپىت مىنەتتى، تەييار چۆپ يەيتتى. تۇرمۇش سەۋىيەسى ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭكىگىمۇ يەتمەيتتى. بىراق نەچچە مىليون يۈەنگە خىيانەت قىلدى. ئەگەر پۇلدىن مەرىنى ئۈزەلمىگۈدەك دەرىجىدە مەپتۇن بولۇپ قالمىغان بولسا، شۇنچىۋالا چوڭ «مەھسۇلات»قا ئېرىشەلەمدۇ؟

بۇنداق پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ بۇ كېسىلى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ كەتتى، 120گە تېلېفون قىلىپ جىددىي قۇتقۇزۇش كېرەك.

چىرىكلىك بىر خىل پىسخىكلىق كېسەللىك، بۇنى يەنە تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، چىرىكلىك بىر خىل مەقسەتلىك كېسەل، بىر ئادەم روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ئېنىقكى نورمال ئادەملەرنىڭكىدىن ئەكسىچە بولىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئەمەلدارلىق ئۆلچىمى بولىدۇ. سىز ئازراق بولسىمۇ خىيانەت قىلىشنى، ئەگىلىۋېلىشنى ئويلىسىڭىز ئەمەلدارلىق ئۆلچىمىنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلسىز بۇنىڭدا ئەلۋەتتە كېسىلى بار دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بىز خىيانەتچىلەرنى تۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىلەلەيمىز. ئەگەر تۇتۇلمىسا ئۇ مەڭگۈ خىيانەت قىلىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار خىيانەت قىلىش ئۈچۈنلا خىيانەت قىلىدۇ. قانداقتۇر ھاجىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس. بۇ تىپىك پىسخىكلىق كېسەللىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. خەجلەي دېسە پۇلى كەممۇ؟ كەم ئەمەس. بىراق ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا يەنىلا ئالتۇن يالىتىلغان جازا تاختىيىنى چىڭ تۇتۇۋالغان، بۇ جان تۈمشۇققا كېلىپ قالماق دەپ ئاتىلىدۇ.

قارىغاندا چىرىكلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئەمەلدارلارغا قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيەسى، ئەخلاق تەربىيەسى بەرگەندىن باشقا يەنە ئۇلارغا پىسخىكلىق ساغلاملىق تەربىيەسى بېرىش زۆرۈردەك قىلىدۇ.

لى يىمىن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «تاللانغان فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 12 ـ سانىنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئايلىق سانىدىن **ئاباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزا سېرىقئۆي ئوتتۇرا مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ نەشر ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

كامالى ئېھتىرام بىلەن:

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



# سامادىن ساقىدى يۇلتۇز

## مۇسىبەتنامە

شىنجاڭ بوكسچىلىقىنىڭ بەرپاچىسى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە تونۇلغان داڭلىق مەشقاۋۇل، تەڭرىتاغنىڭ پەخرىلىك ئوغلانى، خەلقىمىزنى 20 يىلدىن بۇيان تەكرار ھاياجانغا چۆمدۈرۈپ كەلگەن قەيسەر ئەزىمەت ئابلىكىم ئابدۇرېشىتنىڭ يۈرىكى 2012 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى (سەيشەنبە) ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 0دىن 35 مىنۇت ئۆتكەندە 54 يېشىدا سوقۇشتىن توختىدى. ئانا دىيارىمىزنىڭ مىسكىن ئاسمىنىدىكى بىر نۇرانە يۇلتۇز سامادىن ساقىدى، تەڭرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرىدىكى بىر قامەتلىك شەمشاد قاراسلاپ سۇندى، قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى بىر قىران بۈركۈتنىڭ قانىتى قايرىلىپ چوڭقۇر ھاڭغا غۇلاپ چۈشتى، تارىم بوستانلىقىدىكى بىر ھەيۋەتلىك توغراق گۈرۈسلەپ ئۆرۈلدى، ئىلى تاغلىرىدىكى بىر باتۇر بۆرە مەڭگۈلۈك غايىب بولدى، ئالتاي يايلاقلىرىدىكى چاپچىپ تۇرغان بىر ئارغىماق ئاچچىق كىشنەپ يىقىلدى. يۈرەكلەرنى ئارماندا قويغان، قەلبلەرنى ھەسرەتكە چۆمدۈرگەن ئازابلىق ماتەم خەۋىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئالدىدا مۈڭگىنىپ ئولتۇرغان مۆتىۋەر بوۋاي دۇئاغا قول كۆتۈردى، خوتەن دىيارىدىكى سالاپەتلىك تېۋىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، غۇلجىلىق سازەندىنىڭ تەمبۇرىنىڭ تارى ئۈزۈلدى، ئۈرۈمچىدىكى بىر سەگەك زىيالىي چوڭقۇر ئويغا غەرق بولدى، ئاتۇشتىكى جاھان كەزگەن بىر ساخاۋەتچى سودىگەر ئارمىنىنى ئىچىگە يۇتتى، قومۇلدىكى ياش مۇئەللىمنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى، چۆچەكتىكى بىر مېھرىبان ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ ئاچچىق ئۇھ تارتتى... شىنجاڭ بوكس كوماندىسىدىكى ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابدۇرېشىت، نىجات ھۇسەن، ئەكرەم ئىسھاق، كۈرەش ئۆركەش، ئەكرەم بارات، ئەكبەر يۈسۈپ، مۇھەممەدتۇرسۇن چوڭ، نەبى سەيدۇللا، زىبىبۇللا مەمەت، زەي يىخۇ، پەرھات ئابدۇكېرىم ، ئەكبەر ئىسلام قاتارلىق 50 تەك قەيسەر ئوغلان يارىلانغان شىردەك ھۆركىرەپ نالە قىلدى. قازاقىستاندىكى قانات ئىسلام ئېسىنى يوقىتىپ قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. مىليونلىغان يۈرەكلەر بىردەك: «ئەلۋىدا، ئوغلان!» دەپ نىدا قىلدى. بۇ گويا «ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟! پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟! ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟! ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر!!!» دېگەندەك ئېچىنىشلىق ئىش بولدى.

بوكس پېشۋاسى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندى بۇ يىل 9 - ئايدا بايقالغان ئاشقازان ئاستى بېزى راكىنى بېيجىڭدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان بولسىمۇ، كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچتا بايقالغاچقا، داۋالاش ئۈنۈملۈك بولماي، قايتىپ كېلىپ ئۆيىدە ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا كۆتۈنۈش خاراكتېرىدە داۋالانغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئىنجىس كېسەل بارغانسېرى ئەدەپ ئاخىر بۇ ئەزىمەتنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. مۇسىبەت خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە قۇلاقتىن قۇلاققا يەتتى. تور ۋە تېلېفونلار بۇ ئازابلىق خەۋەرنى جاھانغا يايدى. گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزورلار بۇ ئەزىمەتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتتە ياشتىن 70

www.uyghurkitap.com



ياشقچە ھەممىگە ئۇقتۇردى. بۇ مۇسىبەت خەۋىرى ئادەتتىكى بىر ئۆلۈم خەۋىرى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل خەلقىمىزنى قايغۇغا سالىدىغان، بوكس ساھەسىدىكى كەسىپداشلارنى ھەسرەتتە قويىدىغان يوقىتىش خاراكتېرلىك بىر ئېغىر مۇسىبەت ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە سىستېمىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، جۇڭگونىڭ بوكس ھەرىكىتى ئۈچۈنمۇ زور يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا بۇ مۇسىبەت خەۋىرى دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەر ۋېنجۇغا يېتىپ بارغاندا، ۋېنجۇ شەھرىدە بۇ يىللىق مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە ھازىر بولۇپ تۇرغان نەچچە يۈزلىگەن مەشقاۋۇل ۋە بوكسچىلار بۇ قەدىردان سەپدىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇپ ماتەم بىلدۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەر ۋە خىزمەتچىلەرمۇ ھاياتى شان-شەرەپ بىلەن تولغان بۇ ئابرۇيلۇق خىزمەتدىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇردى، ئاتۇش شەھەرلىك 2-ئوتتۇرا مەكتەپتىكى 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچى قەلبى پۈچۈلانغان ھالدا بۇ نامى ئۆچمەس مىللىي قەھرىمانغا سۈكۈتتە تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئابلىكىم ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ شىنجاڭ بوكسچىلىقىدىكى مۆتىۋەر سەركەردە ئىدى. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، چېنىققان، مول تەجرىبىگە ئىگە پاراسەتلىك سەركە سۈپىتىدە بوكس كوماندىسىدىكى ئەزىمەتلەرنى يېتەكلەپ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلىرىدە ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ-كىچىك بوكس مۇسابىقىلىرىدە سالاپەتلىك قىياپەتتە پەيدا بولۇپ رەقىبلىرىنى ۋەھىمىدە قوياتتى، رىقابەتچىلىرىنى دەككە-دۈككىگە سالاتتى، شاگىرتلىرىنى غەلىبە-ئۇتۇقلارغا ئېرىشتۈرەتتى. ئۇ 20 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ بوكسچىلىقىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، جۇڭگودىكى نام-ئاتقى يوق ئاجىز كوماندىدىن ھەممە بىلىدىغان ھەيۋىسى زور، غالىب كوماندىغا ئايلاندۇرغاندى، جۇڭگو بوكس ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارا مۇسابىقىلەردە ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقانىدى. ئۇ تەربىيىلىگەن شاگىرتلاردىن ئابدۇشۈكۈر مىجىت «جۇڭگو بوكس شاھى» دېگەن كەمەرنى بېلىگە مەھكەم باغلىغانىدى، ئابدۇراخمان ئابلىكىم بىلەن مۇھەممەدتۇرسۇن چوڭ «ئاسىيا بوكس چېمپىيونى» دېگەن تاجنى بېشىغا كىيگەنىدى، قانات ئىسلام ئولىمپىك مىس مېدالىغا ئېرىشكەنىدى، نىجات ھۇسەن خەلقئارا بويىچە ھەربىيلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە 2-بولغانىدى...

قىسقىسى، بۇ بوكس پېشۋاسىنىڭ كوماندىسىدىكى ماھىرلار دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ-كىچىك بوكس مۇسابىقىلىرىدە 60تىن ئارتۇق ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. 2000-يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى شىنجاڭ بوكس ھەرىكىتى مەركىزىنىڭ ماھىرلىرى ئۇدا تۆت قېتىم خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئۆلكە دەرىجىلىك بىر كىچىك كوماندا ماھىرلىرىنىڭ خەلقئارا ئولىمپىك مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىنى ئىزچىل ھالدا تۆت نۆۋەت ئىگىلىشى دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، خەلقئارادىمۇ كەسىپداشلارنىڭ ھەيرانلىقىنى ۋە قايىللىقىنى قوزغىغانىدى. ئابلىكىم ئەپەندىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىستىكى شىنجاڭ خەلقىگە ئولىمپىك ئالتۇن مېدالىدىن بىرنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئوغلانلىق بۇرچىنى ئاقلاش ئىدى. ئەپسۇس، رەھىمسىز كېسەل بۇ ئەزىمەتنى 54 يېشىدا بوكس مۇنبىرىدىن ئېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرى ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئابدۇراخمان ئابلىكىم قاتارلىق ئىزباسار مەشقاۋۇللارنىڭ يەلكىسىگە يۈكلەنىدى، شىنجاڭ خەلقى بوكس ساھەسىدىكى بىر جەسۇر ئوغلانىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىدكە تولغان كۆزلە-

رىنى ئۇنىڭ باھادىر ۋارىسلىرىغا تىكمەكتە.

بوكس پېشىۋاسى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ئەپەندى 1958 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاتۇشنىڭ كاتتايالاق يېزىسىدا تۇغۇلغان. بالىلىق چاغلىرىدىلا ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ چىقىپ، ئۈرۈمچىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغان. تەنتەربىيەگە بولغان قىزىقىشى زىيادە كۈچلۈك بولغاچقا، ئالىي مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە كەسپىگە ئىمتىھان بەرگەن. 1983 ـ يىلى شىئەن تەنتەربىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا كەسپىنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سابىق تەنتەربىيە كومىتېتى مەشىق 1 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەتچىسى بولغان، كېيىن مۇسابىقە باشقارمىسىدا مۇدىر بولۇم ئەزاسى بولغان. 1994 ـ يىلى شىنجاڭ بوكس ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزى قۇرۇلغان. ئۇ بۇ مەركەزنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك مەشقاۋۇلى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، 2002 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن باشلاپ بۇ مەركەزنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

بوكس پېشىۋاسى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت بارلىقىنى شىنجاڭنىڭ بوكس ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بېغىشلىغان ئەلپىدا ئەزىمەت، قابىل مەشقاۋۇل، ئىجادچانلىق ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك يېتەكچى ۋە خاراكتېرى كەسكىن باشلامچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىزمەتنى بەجانىدىللىق بىلەن تولىمۇ ئەستايىدىل ئىشلەيتتى. ئۇ بوكس كوماندىسىنى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرەتتى، بوكسچىلارنى بارلىقىم دەپ بىلەتتى، ئەڭ كۆپ ۋاقتىنى ئۇلاردىن ئۆتكۈزەتتى، ئەڭ كۆپ زېھنىنى بوكسچى ئەزىمەتلەرنى تەربىيەلەشكە سەرپ قىلاتتى.

ئابلىكىم ئابدۇرېشىت بىر تەلەپچان ئاتا، پەشقەدەم پېداگوگ ئىدى. ئۇ بوكسچىلارنى ئەتراپلىق تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئىدىيەگە ئىگە بولۇشىنى، توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈپ ياشىيالايدىغان بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. كەسپىي مەشىقنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلارغا ئۇنۇملۇك مەشىق ۋە ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى يارامىلىق ئادەم بولۇشقا يېتەكلەيتتى، ئۇلاردا يۇكسەك كەسپىي ساپا ۋە قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش روھىنىڭ بولۇشىغا پۇختا ئاساس سالاتتى.

ئابلىكىم ئەپەندى قاتماللىقتىن، بېكىنمىچىلىكتىن خالىي ئىدى، پىكىرلىرى ئوچۇق، مىجەز ـ خاراكتېرى مەردانە ئىدى، پىلان ـ لايىھە تۈزۈشكە دادىل ئىدى، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى ئەپقاچمايتتى. شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك كوماندىغا ئايلاندۇرۇش، مۇسابىقىلەردە تېخىمۇ كۆپ شان ـ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەستايىدىل كۆزىتەتتى. زېرىكمەي ئۆگىنەتتى. ئۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى كىرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە مەشىق ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ يېڭىلىق يارىتىپ، تەنھەرىكەتچىلەرنى چوڭ مۇسابىقىلەردە يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىپ، ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇراتتى. شۇڭا ئۇ كەسپداشلىرىنى قايىل قىلىپ، ئاۋامنى زوقلاندۇرۇپ ئاز بولمىغان ئەمەلىي ئۇنۇم ۋە يۇقىرى شان ـ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ شىنجاڭ تەنتەربىيە ساھەسىدىن بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپ ۋە مۇنەۋۋەر ۋەكىل، شىنجاڭ تەنتەربىيە ساھەسىنىڭ «ئىلغارلاردىن بولۇش» پائالىيىتىدىكى جانلىق دەرسلىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكى كادىرلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى، ئۇنىڭ شىنجاڭ بوكس ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن چاغدىكى كۆرسەتكەن تۆھپىسى كۆپ قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن: 1998 ـ يىلى دۆلەت كادىرلار مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت تەنتەربىيە باش ئىدارىسى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە تەنتەربىيە سېپىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ نام





بەرگەن. 2000 ـ يىلى گوۋۇيۇەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان مۇتەخەسسىس بولۇپ بېكىتىلگەن. 2006 ـ يىلى جۇڭگو بوكس جەمئىيىتى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى بەرگەن. 2008 ـ يىلى بېيجىڭدا خەلقئارا ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ ئاخىرلاشقاندا، گوۋۇيۇەن شىنجاڭ بوكس ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش مەركىزىگە «بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا زور تۆھپە قوشۇش مۇكاپاتى»نى، ھەم ئابلىكىم ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆزىگە «بېيجىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان شەخس مۇكاپاتى»نى بەرگەن. شۇ يىلى ئۇ يەنە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسى» دېگەن شەرەپكە نائىل بولغان، ئابلىكىم ئەپەندى 2009 ـ يىلى مەملىكەتلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار شەخس دېگەنناملارغا ئېرىشكەن.

ھاياتى شان ـ شەرەپ ۋە غەلىبە ئۇتۇقلار بىلەن تولغان بۇ پەخىرلىك ئوغلان ھەممىمىزنى ھەسرەتتە قويۇپ ئارىمىزدىن كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى، مەرد ـ مەردانە خىسلىتى، ئالىيجاناب كەسپىي پەزىلىتى، سەركەردىگە خاس سالاپەتلىك ئوبرازى قەلبىمىزدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. ھەسرەتكە تولغان يۈرەكلەر مۇنداق دەپ بىردەك شۇئار لىدى: ئەلۋىدا، ئەزىمەت! ئەلۋىدا، تەڭرىتاغ ئوغلى! ئەلۋىدا، ئاز ئۇچرايدىغان بوكس پېشۋاسى!

بۇ مۇسىبەتنامە مەرھۇمنىڭ 2012 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن مۇسىبەت چېيىغا ئۇلگۇرتۇپ **يالقۇن روزى تەرىپىدىن يېزىلدى**

**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم (تەكلىپلىك).**



«ئاۋازلىق ئوقيا» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن جۇڭگو 10 - نۆۋەتلىك «تۇلپار»

ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شائىر، ژۇرنالىست ۋاھىتجان ئوسمان



سالام، ئاق قار

ئادىل ئىسمائىل فوتوسى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2012-يىلى 6-سان (ئومۇمىي 318-سان)
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت- ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28-نومۇر جىڭيۈەن خىزمەت بىناسى (ئەسلىدىكى بەيچۈەن سارىيى) 7-قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　址：乌鲁木齐市文化路 28 号井源办公大楼(原百川大厦)7 楼
邮　编：830002 电话：（0991）2856942
印　刷：《新疆日报》印务中心
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局
邮发代号：58—22 定价：6元